مۇھسىن ئەقىل

# ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2012 - يىل، ئىستانبۇل

# ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇسالام تەكلىماكان

تەھرىرى: ئا.رەشىت نىياز

بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.......................................................17
ئىمام ئەلى ......................................................19
مۇقەددىمە.......................................................29
ئىمام ئەلىنىڭ زېرەكلىكى.......................................31


## 1- باب


ئاتا – ئانا ھەققىدە...............................................39
ئادەم بالىسى ھەققىدە.............................................39
ئۆز نەپسىدىن كېچىش ھەققىدە....................................39
ئەجەل ھەققىدە....................................................40
ئاخىرەت ھەققىدە.................................................42
قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ھەمراھلىق ۋە سۆھبەتداشلىق ھەققىدە...44
ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە.........................................50
يەپ - ئىچىش ھەققىدە............................................52
اللە تائالا ۋە اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە..........................52
ئىشلار ھەققىدە....................................................53
ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەققىدە....................54
خىيال ھەققىدە.....................................................54
رەھبەر ھەققىدە....................................................57
خاتىرجەملىك ھەققىدە ...........................................57
ئامانەت ھەققىدە ..................................................58
ئىمان ھەققىدە ....................................................58
مۇئمىن ھەققىدە ..................................................59

الله بىلەن سىردىشىش ھەققىدە ..................................62
سالماقلىق ۋە تەمكىنلىك ھەققىدە ..................................62


## 2 - باب


بېخىللىق ۋە تاماخورلۇق ھەققىدە ..................................65
بېخىل ۋە تاماخور ھەققىدە ..........................................66
ياخشىلىق قىلىشتا بەسلىشىش ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىراش
ھەققىدە ..............................................................67
سالىھلار ھەققىدە ..................................................68
خۇش پېئىللىق ھەققىدە ..............................................68
قاراش، ئەقىل ھەققىدە ..............................................69
باتىل ھەقىدە ........................................................70
يىغلاش ھەققىدە ....................................................71
يۇرت ھەققىدە ......................................................71
پاساھەت ھەققىدە ..................................................71


## 3 - باب


تەۋبە ھەققىدە ......................................................73
ساۋاب ھەققىدە ....................................................73


## 4 - باب


قورقۇنچاقلىق ھەققىدە ..............................................75
تىرىشچانلىق ھەققىدە ..............................................75
تەجرىبە - ساۋاق ھەققىدە ..........................................75
قاقشاش ھەققىدە ..................................................76
مۇكاپات ۋە جازا ھەققىدە ..........................................76
بەدەن ۋە جىسىملار ھەققىدە ........................................77
قوپاللىق ھەققىدە ..................................................77

جىما ھەققىدە ........................ 77
جەننەت ھەققىدە ........................ 77
سېخىيلىق ھەققىدە ........................ 78
قوشنىلار ھەققىدە ........................ 79
ئاچلىق ھەققىدە ........................ 80
جىھاد ھەققىدە ........................ 80
نەپسى خاھىش ھەققىدە ........................ 80
نادانلىق ھەققىدە ........................ 81
جەھەننەم ھەققىدە ........................ 83

## 5 - باب

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىنى ياخشى كۆرگۈچىنىڭ
پەزىلىتى ھەققىدە ........................ 85
سۆيگۈ ھەققىدە ........................ 85
قىزىققانلىق ھەققىدە ........................ 86
ئۈرۈش ھەققىدە ........................ 86
ھۆرلۈك ھەققىدە ........................ 87
ھېرىسمەنلىك ۋە ئاچكۆزلۈك ھەققىدە ........................ 87
مەھرۇملۇق ھەققىدە ........................ 89
ئىرادە ھەققىدە ........................ 89
ھەسەت ھەققىدە ........................ 91
ياخشىلىق ھەققىدە ........................ 92
ئۆچمەنلىك ھەققىدە ........................ 99
ھەقىقەت ھەققىدە ........................ 100
مونوپول ھەققىدە ........................ 101
ھېكمەت ھەققىدە ........................ 101

هۆكۈمەت ھەققىدە ............................................103
قەسەم ھەققىدە ............................................104
مۇلايىملىق ھەققىدە ............................................104
ئەخمەقلىق ھەققىدە ............................................106
سەۋر ھەققىدە ............................................107
ھاجەت ھەققىدە ............................................108
ھايا ھەققىدە ............................................108

## 6 - باب

ئىخلاس ھەققىدە ............................................111
ئەخلاق ھەققىدە ............................................111
خەۋپ ھەققىدە ............................................114
ياخشىلىق ھەققىدە ............................................115
تاللاش ھەققىدە ............................................116
خىيانەت ھەققىدە ............................................117

## 7 - باب

تەدبىر ھەققىدە ............................................119
مەغلۇبىيەت ھەققىدە ............................................119
خاتالىق ھەققىدە ............................................120
مۇئامىلە ھەققىدە ............................................120
دۇئا ھەققىدە ............................................120
دۇنيا ھەققىدە ............................................121
كېسەل ھەققىدە ............................................128
دۆلەت ھەققىدە ............................................129
قەرز ھەققىدە ............................................129
دىيانەت ھەققىدە ............................................129

**8 - باب**


ياد ئېتىش ھەققىدە ........................................133
گۇناھ ھەققىدە ...............................................134


**9 - باب**


تەپەككۇر ھەققىدە ...........................................137
رىياكارلىق ھەققىدە ..........................................138
ئۈمىد ھەققىدە ...............................................138
مېھر - شەپقەت ھەققىدە ....................................138
تۆغقاندارچىلىق ھەققىدە ....................................139
باياشادلىق ھەققىدە ..........................................140
رەزىللىك ھەققىدە ...........................................141
رىزىق ھەققىدە ..............................................141
ئەلچى ھەققىدە ..............................................142
ئەقىل ھەققىدە ..............................................142
رازىمەنلىك ھەققىدە ........................................142
ئىنتىلىش ھەققىدە ...........................................143
مۇلايىملىق ھەققىدە .........................................144
تەنھەرىكەت ھەققىدە ........................................144
خاتالىقلار ھەققىدە ..........................................145
ئوزۇق - تۈلۈك ھەققىدە ....................................145
زاھىدلىق ھەققىدە ...........................................145


**10 - باب**


ھاجەتمەنلىك ھەققىدە ......................................147
سوئال – جاۋاب ھەققىدە ...................................148
نارازىلىق ھەققىدە ..........................................148

سېخىيلىق ھەققىدە ..........................................148
ئېزىتقۇ ھەققىدە ..........................................149
مەنىۋىيەت ھەققىدە ..........................................150
سىر ھەققىدە ..........................................150
شادلىق ھەققىدە ..........................................151
ئىسراپخورلۇق ھەققىدە ..........................................152
بەخت - سائادەت ھەققىدە ..........................................152
ئالدىراش ۋە ھەرىكەت ھەققىدە ..........................................153
گالۋاڭلىق ھەققىدە ..........................................153
تەمكىنلىك ھەققىدە ..........................................154
تىنچلىق ھەققىدە ..........................................154
ئىتائەتمەنلىك ھەققىدە ..........................................155
سالامەتلىك ھەققىدە ..........................................155
رايىشلىق ھەققىدە ..........................................155
يامانلىق ھەققىدە ..........................................156
ئالىيجانابلىق ھەققىدە ..........................................156
بىدارلىق ھەققىدە ..........................................157
يۈرۈش - تۇرۇش ھەققىدە ..........................................157
سىياسەت ھەققىدە ..........................................158

## 11 - باب

ياشلىق ھەققىدە ..........................................159
ئۆزۈقلىنىش ھەققىدە ..........................................159
شجائەت ھەققىدە ..........................................159
يامانلىق ھەققىدە ..........................................160
شان - شەرەپ ھەققىدە ..........................................162

ئاچكۆزلۈك ھەققىدە ........................................162
بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ھەققىدە ......................163
شاپائەت ھەققىدە ..............................................163
بەختسىزلىك ھەققىدە .........................................163
شۈكۈر ھەققىدە ..............................................163
شۈبھىلىنىش ھەققىدە .........................................165
مەسلىھەت ھەققىدە ...........................................166
شەھۋەت ھەققىدە .............................................167

## 12 - باب

سەۋر ھەققىدە ..............................................169
راستچىللىق ھەققىدە .........................................172
ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە .......................................173
كەمسۆزلۈك ھەققىدە .........................................174
مۇسىبەت ھەققىدە ...........................................175

## 13 - باب

ماقال - تەمسىل ھەققىدە .....................................177
كۈلۈش ھەققىدە .............................................177
ئازغۇنلۇق ھەققىدە ..........................................177

## 14 - باب

يول ۋە تەرىقەت ھەققىدە ....................................179
رىزىق ھەققىدە ..............................................179
ئىتائەتمەنلىك ھەققىدە ......................................180
ھاجەت ھەققىدە .............................................181
تاماخورلۇق ھەققىدە .........................................182

## 15 - باب

زەپەر ھەققىدە ........................................185
زۇلۇم ۋە شىكايەت ھەققىدە ...............................185
گۇمان ھەققىدە ........................................188

## 16 - باب

ئىبادەت ھەققىدە ........................................189
ئىبرەت ھەققىدە ........................................189
كايىش ھەققىدە ........................................190
مەغرۇرلۇق ھەققىدە ........................................190
ئالدىراڭغۇلۇق ھەققىدە ........................................191
تەييارلىق ھەققىدە ........................................ 191
ئادالەت ھەققىدە ........................................192
دۈشمەنلىك ھەققىدە ........................................193
ئەپۇچانلىق ھەققىدە ........................................194
ئابرۇي ھەققىدە ........................................194
مەرىپەت ھەققىدە ........................................194
ئارىفلىق ھەققىدە ........................................195
ھۆرمەت ھەققىدە ........................................195
تەنھالىق ھەققىدە ........................................196
غايە ھەققىدە ........................................196
مۇئامىلە ھەققىدە ........................................196
نومۇس ھەققىدە ........................................198
خاتىرجەملىك ھەققىدە ........................................199
ئەپۇ ھەققىدە ........................................199
ئاقىۋەتلەر ھەققىدە ........................................201

ئەقىل ھەققىدە ........................................201
ئەقىللىق كىشى ھەققىدە ................................205
ئىلىم ھەققىدە ........................................208
ئالىم ھەققىدە ........................................211
ئۆگىنىش ھەققىدە ......................................212
ئۆمۈر ھەققىدە ........................................213
ئەمەل ھەققىدە ........................................214
ئادەتلىنىش ھەققىدە ...................................217
قىيامەت ھەققىدە ......................................217
ياردەم ھەققىدە .......................................218
ۋەدە ھەققىدە .........................................218
ئەيىب ھەققىدە ........................................219
تىرىكچىلىك ھەققىدە ...................................221
نامەھرەمدىن ساقلىنىش ھەققىدە .........................221


**17 - باب**


ھەۋەس ھەققىدە ........................................223
زىيان ھەققىدە ........................................223
دۆتلۈك ھەققىدە .......................................223
ئالدامچىلىق ھەققىدە ..................................223
مەغرۇرلىنىش ھەققىدە ..................................224
غەزەپ ھەققىدە ........................................225
ئىستىغپار ھەققىدە ....................................226
غەپلەت ھەققىدە .......................................226
خىيانەت ھەققىدە ......................................227
غەم - قايغۇ ھەققىدە ..................................227

بايلىق ھەققىدە ..................................................228
غەيۋەت ھەققىدە ...................................................228
كۆنلەش ھەققىدە ................................................229


## 18 - باب


پىتنە - پاسات ھەققىدە .........................................231
سەت گەپ ھەققىدە ................................................231
پەخىرلىنىش ھەققىدە ............................................232
پۇرسەت ھەققىدە ..................................................232
پاساتچىلىق ھەققىدە ............................................233
پەزىلەت ھەققىدە ................................................234
يۇقسۇللۇق ھەققىدە ............................................235
تەپەككۇر ھەققىدە ................................................236


## 19- باب


يۈزلىنىش (خۇسۇسەن ئاللاھقا يۈزلىنىش ھەققىدە)...................239
كۈچ قۇۋۋەت ھەققىدە ............................................239
قەدىر - قىممەت ھەققىدە .......................................239
قۇرئان كەرىم ھەققىدە .........................................240
تەۋبە ھەققىدە ....................................................240
قىسمەت ھەققىدە ................................................241
ئۆتتۈرا ھال بولۇش ھەققىدە ...................................241
قازا ۋە قەدەر (تەقدىر) ھەققىد
قازى ھەققىدە .....................................................242
قەلب ھەققىدە ....................................................243
قانائەت ھەققىدە ................................................244
گەپ - سۆز ھەققىدە ............................................245

**20 - باب**

تەكەببۇرلۇق ھەققىدە ......................................249
يېزىقچىلىق ھەققىدە ......................................250
يالغانچىلىق ھەققىدە ......................................250
مەردلىك ھەققىدە ......................................251
ياخشىلىق ھەققىدە ......................................253
دەرد ھەققىدە ......................................253
غەزەپ ھەققىدە ......................................254
نېمەتتىن تېنىۋېلىش ھەققىدە ......................................254
ئاددى - ساددىلىق ھەققىدە ......................................254
مۇكاپات ھەققىدە ......................................255
ھوشيار كىشى ھەققىدە ......................................255

**21 - باب**

نامەردلىك ھەققىدە ......................................257
تىركىشىش ھەققىدە ......................................258
ھاجىتىنى سوراش ھەققىدە ......................................259
ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىش ھەققىدە ......................................259
لەززەت ھەققىدە ......................................261
تىل ھەققىدە ......................................262
تەنقىد ھەققىدە ......................................264
ئويۇن ھەققىدە ......................................264
كۇنلەر ھەققىدە ......................................264
مۇلايىملىق ۋە مۇلايىم كىشى ھەققىدە ......................................265

**22 - باب**

شەرەپ ھەققىدە ......................................267

ئاپەت ھەققىدە ..................................................267
ماختاش ھەققىدە ..................................................267
ئەرلىك ھەققىدە ..................................................268
ئادەمگەرچىلىك ھەققىدە ..................................................269
تالاش - تارتىش ھەققىدە ..................................................270
چاقچاق ھەققىدە ..................................................270
ھىيلە - مىكىر ھەققىدە ..................................................271
شاھلار ھەققىدە ..................................................271
تىرىككەكلىك ھەققىدە ..................................................274
مىننەت قىلىش ھەققىدە ..................................................274
ئۆلۈم ھەققىدە ..................................................274
پۇل ۋە بايلىق ھەققىدە ..................................................276

**23 - باب**

ئالىيجانابلىق ھەققىدە ..................................................279
مۇۋەپپەقىيەت ھەقدە ..................................................279
نادامەت ھەققىدە ..................................................279
ئاياللار ھەققىدە ..................................................280
نەسىھەت ھەققىدە ..................................................281
ئىنساپ ھەققىدە ..................................................282
نىمەت ھەققىدە ..................................................283
نەپسى - خاھىش ھەققىدە ..................................................283
ساخاۋەت ھەققىدە ..................................................288
مۇناپىقلىق ھەققىدە ..................................................289
ئىنتىقام ھەققىدە ..................................................290
سۇخەنچىلىك ھەققىدە ..................................................290

ئىنسانلار ھەققىدە ....................................................290
ئۆيقۇ ھەققىدە ........................................................293
نىيەت ھەققىدە .......................................................293


## 24 - باب

دوستلۇق ھەققىدە ....................................................295
ئېھتىيات قىلىش ھەققىدە ..........................................296
ئىزدىنىش ھەققىدە ..................................................297
كەمتەرلىك ھەققىدە ................................................297
ۋەز ھەققىدە ............................................................298
ھىدايەت ھەقىدە ......................................................299
تەقۋادارلىق ھەققىدە ................................................300
تەۋەككۇل ھەققىدە ...................................................302
پەرزەنت ھەققىدە ....................................................302


## 25 - باب

اللەنىڭ ھىدايىتى ھەققىدە .........................................303
ھەزىل – چەقچاق ھەققىدە.........................................303
ھالاكەت ھەققىدە ...................................................303
ھىممەت ھەققىدە ...................................................304
ھاۋايى - ھەۋەس ھەققىدە ..........................................305


## 26 - باب

تاماخورلۇق ھەققىدە ................................................307
ھوشيارلىق ھەققىدە .................................................307
ئېتىقاد ھەققىدە ......................................................308

# بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## كىرىش سۆز

الله ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن رەھىمدىلدۇر. پۈتۈن ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر. رەھمەت، مەغپىرەت ۋە سالاملار ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابە كىراملارغا بولسۇن!

ئىمام ئەلى ئىسلام تارىخىدا تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان كاتتا ساھابىلەرنىڭ بىرى. ئەرەب ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل ئىگەللىگەن ئەدىب، ھايات ھەققىدىكى مىڭلىغان ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتقان پەيلاسوپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام ئەلىنىڭ ھېكمەتلىرى بىز مۇسۇلمانلارغا ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە ئەدەپ - ئەخلاق دەستۇرى، ياشاش پرىنسىپى بولۇشقا لايىق. شۇڭا مەن ئىمام ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ خەلقىمگە سۇنۇشنى، شۇ ئارقىلىق دىنىمغا، مىللىتىمگە بولغان سەمىمىيىتىمنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى تەرجىمە ئەسىرىم بولغاچقا، خاتالىق ۋە سەۋەنلىكتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىمىي تەنقىدىي

پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئائىلەمگە، ئۇستازلىرىمغا ۋە قېرىنداشلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا ئۇشبۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا مەنپەئەت بېرىشىنى جانابى اللهتىن تىلەيمەن، ئامىن!

تەرجىماندىن



# ئىمام ئەلى

ئىمام ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ، پەيغەمبەرلىكتىن 10 يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 600 - يىللىرى يوقسۇل بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ھاشىم جەمەتى ئارىسىدىكى كەبىنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاق ئىدى. ئەلى تۇغۇلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 30 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئايالى خەدىچە ئانىمىز بىلەن بىللە مەككىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئەلى يەتتە ياشقا كىرگەندە مەككىدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، كىشىلەر مۇشەققەت ئىچىدە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىكىدە ئۆزىگە ئالاھىدە كۆيۈنگەن تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەقسىتىدە، يەنە بىر تاغىسى ئابباس بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ، ئەبۇ تالىبنىڭ پەرزەنتلىرى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

ــ ئۇنداقتا ئىككى ئوغلۇمنى ئىككىڭلار ھامىيلىقلارغا ئېلىپ، قاتارغا قوشۇڭلار، بۇ ماڭا قىلغان ياردىمىڭلار بولۇپ قالسۇن، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى، ئابباس جەفەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. ھەزرىتى ئەلى 10 ياشقا كىرگەندە، الله تائالا ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن شەرەپلەندۈردى ۋە ئىنسانلارنى ھەق يولغا، يەنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىشنى بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەمرىنى بەجا

كەلتۈرۈشنى ئۆز ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرىدىن باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا تۇنجى ئاۋاز قوشقان بالا سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئىمام ئەلى مۇسۇلمان بولغان كۈندىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدۇ، ھەتتا ھەر ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئاشۇ خەتەرلىك كېچىدە نامايان بولغان ئىدى. شۇ كېچىسى مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەق دەۋىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ كېچىدە ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا ياتقان ئىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلغۇسى بولسىمۇ، الله تائالا ئىسلام ئۇممىتىگە رەھمەت قىلىپ، ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئامانەتلىرىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ھەزرىتى ئەلىگە تاپشۇرغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى مۇشرىكلارنىڭ ئامانەتلىرىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە 800 كىلومېتىرغا يېقىن يولنى پىيادە يۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇباغا كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالىدۇ.

ئىمام ئەلى ھىجرەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن كۆپلىگەن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئەڭ مۇھىم ئۇرۇش بەدىر ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەككىنىڭ ئەڭ باتۇر يىگىتى دەپ نامى بار ۋەلىد ئىبنى ئۇتبىنى ئۆلتۈردۇ.

بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام ئەلىگە قىزى فاتىمەتۇززەھرانى نىكاھلاپ بېردۇ. گەرچە ئىمام ئەلى يوقسۇل بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشتەك كاتتا شەرەپكە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئىمام ئەلىنىڭ ھەزرىتى فاتىمىدىن ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى بولىدۇ، ئۇلار ھەزرىتى ھەسەن، ھەزرىتى ھۈسەين ۋە ھەزرىتى ئۇمموگۇلسۇمدۇر.

ئۇھۇد غازىتىدا مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئىمام ئەلى بايراقنى قولىغا ئېلىپ باشقا ئۇرۇشلاردىكىدەك ئالاھىدە باتۇرلۇق ۋە شىجائەت كۆرسىتىدۇ.

ھىجرىيە 7- يىلى خەيبەر غازىتىدا ئىمام ئەلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە خۇش بېشارەت بېردۇ. ئەسلى ۋەقە مۇنداق:

خەيبەر مەدىنە شەھىرىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان، تۈپرىقى مۇنبەت شەھەر بولۇپ، بۇ جايغا ئاساسەن يەھۇدىيلار جايلاشقان ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا مەدىنىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 6- يىلى مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن سۈلھى تۈزگەندىن كېيىن، كۈچ توپلاپ بۇ يىقىن قوشنىنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن ھىجرىيە 7- يىلى 2- ئايدا خەيبەر شەھىرىگە قوشۇن تارتىپ بارىدۇ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ بىرنەچچە قورغىنىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. لېكىن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇستەھكەم قەلئەنى بىرنەچچە كۈن قورشاپمۇ قولغا چۈشۈرەلمەيدۇ.

بىر ئاخشىمى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇنداق خۇش بېشارەت بېردۇ: «ئەتە قوماندانلىق تۇغىنى بىر كىشىگە بېرىمەن، ئۇنى الله ياخشى كۆرىدۇ، ئۇمۇ ھەم اللهنى ياخشى كۆرىدۇ». ساھابىلەر بۇ خۇش بېشارەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشى» دېگىنى مەن بولسام كاشكى، دېگەن ئۈمىد بىلەن كىرپىك قاقماي چىقىدۇ. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى چاقىرىدۇ، ساھابىلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا بۇ مۇھىم يىغىنغا قاتنىشالمىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنىڭ نېمىلا بولمىسۇن كېلىشىنى بۇيرۇيدۇ. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزىگە بىر سۈپلەيدۇ شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزى ساقىيىدۇ - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تۇغنى تاپشۇرىدۇ. شۇ كۈنى ھەزرىتى ئەلى اللهنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ مۇستەھكەم قەلئەنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 9- يىلى تەبۇك غازىتىغا چىققاندا چاغدا ھەزرىتى ئەلىنى مەدىنىگە ئائىلە - تاۋابىئاتىنى قوغداش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن بەزى مۇناپىقلار ھەزرىتى ئەلى ھەققىدە بولمىغۇر پىتنىلەرنى تارقىتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىشۋېلىپ، مۇناپىقلارنىڭ پىتنىلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ غازاتتىمۇ قەھرىمانلىق كۆرسەتكۈستىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىگە تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «قايغۇرما، ئۇلار ئېغىزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ بېقىپ،

ئاخىرى توختاپ قالىدۇ. بىلىپ قالغىنكى، سەن بىلەن مېنىڭ پەرقىم ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ پەرقىگە ئوخشايدۇ، لېكىن مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 10- يىلى ھەزرىتى ئەلىنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىش ئۈچۈن يەمەندىن كېلىدۇ ۋە ھەج پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ھەجنىڭ نۇرغۇنلىغان پەرز، قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۆگەنگەنلىرىنى كېيىنكى ھاياتىدا مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزىدۇ.

ھىجرىيە 11- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئىمام ئەلى ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى يۇيۇش ۋە يەرلىككە قويۇش شەرىپىگە نائىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئىمام ئەلى ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا دەسلەپ ئىشىنەلمەي قالغان، كېيىن بارلىق مۇسۇلمانلار، ھەتتا پۈتۈن كائىنات قايغۇرغاندەك ئىنتايىن قايغۇرغان، تولا يىغلاپ يېشى قۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر خەلىپىلىك مەنسىپىگە سايلانغاندا، تۇنجى قوبۇل قىلغانلارنىڭ بىرى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر مۇرتەدلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن قوشۇن باشلاپ يولغا چىقماقچى بولغاندا، ئىمام ئەلى ئۇنى توسۇپ، ئۇنىڭغا: ئەگەر مەدىنىدە خەلىپە بولمىسا، دۈشمەن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پايتەختىنى ئىستىلا قىلىۋېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر مۇسىبەتكە يولۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە زېرەك ۋە جەسۇر قوماندانلارنى ئەۋەتىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ

پېشۋالىرى مەدىنىنى قوغداپ قېلىشى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلغاندا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە بارلىق ساھابىلەر ئۇنىڭ پىكرىنى بىردەك قوبۇل قىلغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، خەلىپىلىك ماقامىغا كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىرنەچچە كاتتا ساھابىدىن مەسلىھەت سورايدۇ. ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەلىمۇ بار بولۇپ، ئۇ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك مەنسىپىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىك قىلغان 10 يىلدىن ئارتۇق مەزگىلدە ئىمام ئەلى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرى ھەم مۇشاۋىرى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر داۋاملىق: "ئەلى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۆمەر ھالاك بولاتتى" دېيىش ئارقىلىق، ھەزرىتى ئەلىنى قەدىرلەپ كەلگەن ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنىڭ فاتىمە ئانىمىزدىن بولغان قىزى ئۇممۇگۈلسۇم بىلەن توي قىلدى.

ھەزرىتى ئۆمەر سۈيىقەستكە ئۇچراپ يارىلانغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە تاللىشىغا 6 نامزاتنىڭ ئىسمى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تىزىملىكتە ئىمام ئەلىنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپە سايلىدى ۋە ئىمام ئەلى بۇ سايلامغا چىن دىلىدىن رازى بولدى.

ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى ئۇنى داۋاملىق تۈردە قوللاپ كەلدى. گەرچە ھەزرىتى

ئوسماننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بەزى ئىشلىرىغا نارازى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت يۈز ئۆرۈمىدى. توپىلاڭچىلار ھەزرىتى ئوسماننى قورشىۋالغاندا، ئىككى ئوغلى ۋە بىر جىيەنىنى بىرنەچچە يىگىتكە قوشۇپ، ھەزرىتى ئوسماننى قوغداشقا ئەۋەتكەن ئىدى. ھەتتا توپىلاڭچىلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان يولىنى ئۈزىۋەتكەندە، ئۇ، جەمەتىدىن بىرنەچچە كىشى بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىگە سۇ توشىغان ئىدى.

ھەزرىتى ئوسمان توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن شېھىت بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپە قىلىپ سايلىدى. لېكىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەبىلىسى ۋە ئائىلىسى ھەزرىتى ئەلىگە: ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرمىسەڭ، خەلىپىلىكىڭنى ئېتىراپ قىلمايمىز. دەپ تۇرىۋالدى ۋە مەدىنىدىن چىقىپ كەتتى. مەدىنىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئائىشە ئانىمىزمۇ بار بولۇپ، ئىمام ئەلى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلار بىلەن قارشىلاشماسلىق ئۈچۈن سۆلھى تۈزدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىئارام بولغان مۇناپىقلار ئىككىگە بۆلۈنۈشۈپ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالدى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزدى ۋە تۆگە ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇش ھەزرىتى ئەلىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ئۇرۇشتا ئونلىغان ساھابە شېھىت بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون چوڭ ساھابىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى تەلھە، يەنە بىرى زۇبەير ئىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، ھەر

ئىككى تەرەپ دۈشمەننىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بۇ پاجىئەگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئىنتايىن پۇشايمان قىلدى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئۇ ۋەقە ئېسىگە كەلسىلا، ياغلىقى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە يىغلاپ، ئۆزىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

تۆگە ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ۋە قايتا ئۇرۇش قىلىپ، ئۆزىنىڭ شان - شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى كۈشكۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىگە قارشى قوشۇن تارتىپ، ھەربىي يۈرۈش قىلدى. ھەزرىتى ئەلى خالىمىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قېتىم ئىچكى ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قالدۇ ۋە بۇ ئۇرۇش بىر مەزگىل داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ بۇرۇن فارىس ئىمپېراتورلۇقى بىلەن رىم ئىمپېراتورلۇقى ئاستىدا بولغان، كېيىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېڭىدىن فەتھى قىلىنغان يەرلەردىكى بەزى مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ سۈلھى تۈزىدۇ ۋە بۇ سۈلھى بويىچە ئىمام ئەلى كۇفىگە، ھەزرىتى مۇئاۋىيە دەمەشققە قايتىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ توختىشى كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنى خۇش قىلغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىكى بەزى كىشىلەرنى نارازى قىلىپ قويىدۇ ۋە بۇ كىشىلەر ئىمام ئەلىگە قارشى قوشۇن تۇپلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەلى بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ ساندىكىلەر ھەقىقەتنى تونۇپ، ئىمام ئەلىگە قايتا بەيئەت قىلىدۇ. لېكىن بەزىلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىغا چىدىيالماي ئىمام ئەلى قاتارلىق بىرنەچچە كاتتا ساھابىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلايدۇ. مانا بۇلار

ئىسلام تارىخىدا خاۋارىج نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئازغۇن پىرقىدۇر.

ھىجرىيە 40 - يىلى رامىزان ئېيىدا، ئىمام ئەلى بامدات نامىزىغا مەسجىدكە ماڭغاندا ھېلىقى خاۋارىجلاردىن ئىمام ئەلىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلار ئۇنى پايلاپ تۇرۇپ مەسجىدكە يېقىنلاشقاندا زەھەرلەنگەن خەنجەر بىلەن شېھىت قىلدى. ئىمام ئەلى شېھىت بولغاندا 63 ياشتا ئىدى. ئەسلىدە بۇ مۇناپىقلار ئىمام ئەلى بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى مۇئاۋىيە ۋە ھەزرىتى ئەمر ئىبنى ئاسنىمۇ قەستلەشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ اللە ئۇ ئىككى ساھابىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىمام ئەلىگە شېھىتلىك مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلغان.

## مۇقەددىمە

## ئىمام ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ھەققىدە

ئىمام ئەلىنىڭ رىسالە ۋە نەسىھەتلىرىدە، خۇتبە ۋە سۆزلىرىدە ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى ۋە غايىسى، كائىناتنىڭ شەكلى ۋە سۈپىتى، زامان ھادىسىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە ئۇنتۇلماس سۆز - ھېكمەتلىرى مەۋجۇت. ئەنە شۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىدە يول كۆرسەتكۈچ رول ئوينايدۇ.

بۇ ھېكمەتلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە. چۈنكى ئۇ ئەينى زاماندا پەيغەمبەرلەرنىڭ دەستۇرلىرىدىن قالسىلا، ئەڭ ئېسىل ئەخلاق دەستۇرى ھېسابلانغان بولۇپ، بارلىق ئالىم ۋە ھەكىملەرنىڭ دەستۇرلىرىدىنمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇ ھېكمەتلەر ئىنسانىيەتنى تىنچلىققا، قېرىنداشلىققا ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسان ھاياتىنى ۋە بارلىق جانلىقلارنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىنسانىيەتنى ئۇرۇش پالاكىتىگە سۆرەپ كىرمەكچى بولغان سۈيىقەستچىلەر ئۈلۈغ مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە كاتتا ساھابە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ مەنىلىك ۋە مۇھىم ھېكمەتلىرىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك.

## ئىمام ئەلىنىڭ زېرەكلىكى

شەرقلىق ياكى غەربلىك، ئەرەب ياكى ئەجەم، ئاسىيالىق ياكى ياۋروپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق كاتتا مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشماقچى بولغان كىشى، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا تالانتلىق بىر ئەدىب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەي قالمايدۇ. گەرچە بەزى دانىشمەنلەر شېئىر ياكى ئەدەبىيات ھەققىدە ئانچە كۆپ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى، ئىشلەتكەن سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ مەنىدارلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بىر ئەدىب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن، پەيغەمبەرلەرنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنىنى بىلىۋالالايمىز. شۇنداق، مەيلى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ياكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بولسۇن، مەيلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسۇن، ھەممىسىگە الله تائالا پەيغەمبەرلىك بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ھېس ۋە ئەدەبىي تالانتمۇ ئاتا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ ھەم شۇنداق. شۇنىڭدەك، قانخور ئىستىلاچى ناپالېئونمۇ، دىنغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان جاللات لېنىنمۇ، پەلسەپەدە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن ئەپلاتون، ماتېماتىكچى پاسكال، تەبىئەت ئالىمى باستور، كاتتا ئىسلاھاتچى جامالىددىن ئافغانىمۇ ئەينى زامانىدىكى بۈيۈك ئەدەبىياتچى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي تالانت ۋە ئەدەبىي تەپەككۇرغا ئىگە ئىدى.

يۇقارىدا تىلغان ئېلىنغان ئۈچمەس ھەقىقەتلەر ئىمام ئەلىنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن ئېنىق بولۇنغان. چۈنكى ئىمام ئەلى ئاجايىپ

تالانتلىق ئەدىب، كەم ئۇچرايدىغان مۇتەپەككۇر ئىدى. سىز ئىمام ئەلىنىڭ سۆزلىرىدىن توپلانغان «نەھجۇلبەلاغە (بالاغەت ئۇسۇلى)» ناملىق كىتابنى قولغا ئالغىنىڭىزدا، ئىمام ئەلىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تونۇپ يېتەلەيسىز. چۈنكى، ئىمام ئەلى ئۇ كىتابتا ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ھېكمەتلىك ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستىن قالسىلا ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە.

ئىمام ئەلىنىڭ بايان قىلىش سەنئىتىگە كەلسەك، ئۇنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى، ئۇسلۇب جەھەتتە جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ پاساھەت ئۇسلۇبى بىلەن، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ساپلىقى ۋە بەدىئىيلىكى يۇغۇرۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەبىي نۇرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. شۇڭا بەزىلەر ئىمام ئەلىنىڭ بايان قىلىش سەنئىتىگە باھا بېرىپ: «ياراتقۇچىنىڭ سۆزىدىن تۆۋەن، مەخلۇقنىڭ سۆزىدىن يۇقىرى!» - دېگەن ئىكەن.

بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ تالانتقا ئىگە بولۇشىغا تېگىشلىك پۈتۈن شەرت - شارائىت پىشپ يېتىلگەن ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپىنچە چاغلاردا ياكى ھەمما ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ياشايتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىدىن ئەڭ بۇرۇن ئۇنىڭ خەۋىرى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، اللە تائالا ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئەدەبىي تالانت ۋە ماھارەت ئاتا قىلغان ئىدى.

ئىمام ئەلىنىڭ زېرەكلىكىگە كەلسەك، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى، ئۇنىڭ ئەقلىي تالانتى ۋە چوڭقۇر بىلىمىنىڭ نەتىجىسىدە

«نەھجۇلبەلاغە (بالاغەت ئۇسۇلى)» ناملىق ئەسەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇ كىتاب ئەمەلىيەتتە ئۇنىۋېرسال ئەسەر بولۇپ، مەزمۇنى ھەر تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ئىمام ئەلى ئەخلاقتىن ئىبادەتكىچە، ئىلىمدىن ئادالەتكىچە ھەربىر تېمىدا ئۆز پىكرىنى ئىنتايىن ئېنىق ۋە روشەن بايان قىلغان.

ئىمام ئەلىنىڭ زېرەكلىكى ۋە ئەقلىي تالانتى كىتابتا ئىشلەتكەن ئۇسلۇبىدا يەنە بىر قېتىم روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كىتابتا بىر پىكىر بىلەن يەنە بىر پىكرىنىڭ، بىر ھېكمەت بىلەن يەنە بىر ھېكمەتنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېنىق شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. مەزمۇنىنىڭ تېمىدىن چەتنەپ كېتىش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلمىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېھتىياجسىز بىرەر سۆز جۈملىنىڭ چىقىپ قېلىشىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. ئۇ كىتابتا قوللانغان ھەربىر سۆز جۈملىنى نەچچە ئون قېتىم، قايتا – قايتا تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

"ئىنسان بىلمىگەن نەرسىنىڭ دۈشمىنى" دېگەن سۆزى قانچىلىك چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ۋە تەپەككۇر قىلىشقا لايىق، ھەمدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئېيتىلغان سۆز دەپ قارالسا، "ھەر كىشى قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلغاندا، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ" دېگەن سۆزى ئىنساننى ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشقا، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، "ياخشىلىقتىن قېچىش كىشىنى خار قىلىدۇ" دېگەن سۆزىنىڭ مەنىدارلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. "چاقچاق كىشى مەنزىلگە تېز يېتىدۇ" دېگەن سۆزىمۇ ھەم قىسقا ھەم مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر. مۇشۇ بىرنەچچە كەلىمە ئىمام ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر مەنىلىك ۋە ئەھەممىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىمام ئەلىنىڭ ھەسەتخور ھەققىدە ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزىدىن مەسىلىگە نەقەدەر چوڭقۇر نەزەرىيە بىلەن قارىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، ھەسەتخورنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ھەسەتخور مەزلۇمغا ئوخشاش ئىگرايدىغان زالىمدۇر، چۈنكى ئۇ دائىم قايغۇ بىلەن ياشايدۇ، داۋاملىق ھەسرەت چېكىدۇ، يۈرىكى پەقەت خاتىرجەم بولمايدۇ، گۇناھسىز كىشىگىمۇ ئاچچىقلاپ رەنجىتىپ قويىدۇ، قول ئىلكىدە بولمىغان بايلىقنى باشقىلاردىن تېجەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ".

مەزكۇر كىتابتا يىگىردىن يىگىر، ھېكمەتتىن ھېكمەت چىقىپ، ئىنسانىيەتكە تېپىلغۇسىز دۇردانە تەقدىم ئېتىدۇ. ئوقۇرمەنىدە زېرىكىش تۇيغۇسى پەيدا بولماستىن ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالغىنىڭدا، ئۇنى ئەقىل تارازىسىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئىنتايىن پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىسەن. بۇ پاساھەت ۋە لوگىكىلىق ئۇسلۇب ئالدىدا ھەيران بولىسەن. ھەتتا قۇلاقلىرىڭغا ئىشىنەلمەي قالىسەن.

مەزكۇر كىتابتىكى تەسىرلىك نۇقتىلارنىڭ يەنە بىرى، ئىمام ئەلىنىڭ قايغۇرغان مەزگىلىدىكى تەسىرلىك، مۇڭلۇق سۆز — ئىبارىلىدۇر. سىنىڭ بۇ سۆز - ئىبارىلەرنى ئوقۇپ، ياش تۆكمەسلىكىڭ مۇمكىن ئەمەس.

ئىمام ئەلىنىڭ زېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر ئالامەت شۇكى، مەزكۇر كىتابتىكى ئىزدىنىش تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ پەقەت مەلۇم بىر مەزمۇنىلا تەتقىق قىلماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى، كائىناتنىڭ ھەرىكەتلىرى، كىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ

خاراكتېرى، ھەتتا ئاسمان - زېمىننىڭ تېگىگە يوشۇرۇلغان پۈتمەس - تۈگىمەس سىرلار ھەققىدىمۇ توختالغان.

مەزكۇر كىتابتىكى تەسەۋۋۇر كۈچى سېنىڭ تەسەۋۋۇرىڭدىن نەچچە ھەسسە ھالقىپ كەتكەن. يەنى ئىمام ئەلى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمىغان نەرسىلەرنى بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ بايان قىلغان.

شۇنداق، ئىمام ئەلىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ زېرەكلىكىنىڭ نامايەندىسى. چۈنكى ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى رېئاللىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

«سەنئەتتىكى ھەرقانداق نەرسە سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلغاندا گۈزەللىشىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى توغرا دەپ قارايدىغان بولساق، ئىمام ئەلىنىڭ ئۆلگەنلەر ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ھېكمەتلىرى ئۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئىمام ئەلى ئىنسانلارنىڭ بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ، مەڭگۈلۈك ئالەمگە كېتىدىغانلىقى ۋە ئۇ يەردە كۆرىدىغانلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ھەربىر ئىنسان ئۆلگەندە يالغۇزلۇق باسىدىغان ئاشۇ مۈڭلۈق ئۆيگە بارىدۇ، ئۇ ئۆي بولسا، سېغىنىش ۋە ئۈكۈنۈشلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ".

شۇنىڭدەك، ئىمام ئەلى ئىنسانلارنى ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىپ: "كۈندە سائەتلەر، ئايدا كۈنلەر، يىلدا ئايلار ئۆمۈردە يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ"، دېيىش ئارقىلىق، ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. زامان بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ: "كۈنلەر سىلەر بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدا يىغلاپ ياتقان بىچارىگە ئوخشايدۇ" دەيدۇ. ئۆلگەنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار ئۆلۈم شەربىتىنى تېتىغاندىن كېيىن، سۆزنىڭ ئورنىغا

سۈكۈت، ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا گاسلىق، ھەرىكەتنىڭ ئورنىغا جىمجىتلىق ئالمىشىدۇ، خۇددى ئۇلار قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، قوشنىلىرى بىلەن پاراڭلىشالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق مېھرى قالمىغان. ئۇلار بىر يەرگە توپلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھەربىرى يالغۇزلۇق دەردى تارتىدۇ، ئۇلار كېچىنىمۇ، كۈندۈزنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدۇ، زىيارەت قىلىپ كەلگەن تونۇشلىرىنى تونىيالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىغانلارنى قەدىرلىيەلمەيدۇ، چاقىرغانلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ".

ئىمام ئەلى ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغان. سەن ئۇنىڭ: "ئەگەر مېنى تاغ ياخشى كۆرەلىگەن بولسا، ئەلۋەتتە كۈكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن بولاتتى" دېگەن سۆزىدىن ياكى: "گېپى ئۆتمىگەننىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىنمايدۇ" دېگەن سۆزىدىن بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى چۈشەنسەڭ، دۇنياغا خىتاپ قىلىپ: "مەندىن باشقىسىنى ئالداپ باق، لېكىن مەن سېنىڭ ئالدام خالتاڭغا چۈشمەيمەن" دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ دۇنيادىن يۈز ئۆرىگەن زاھىد ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن.

ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى تۆۋەندىكى سۆزى ئېنىق ئىپادىلىگەن: "ساڭا ۋە يېنىڭغا چاقىرىلغان قىزىڭغا اللهنىڭ سالامى بولسۇن. قىزىڭنىڭ ۋاپاتىغا مەن پەقەت چىدىيالمىدىم، سەۋرىم قالمىدى. لېكىن سېنىڭ ۋاپاتىڭغا بولغان قايغۇمدىن قىزىڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغىدەك پۇرسەت تاپالمىدىم، چۈنكى مېنىڭ قايغۇلىرىم پەقەت تۈگىمىدى. كېچىلىرى تاڭ ئاتماس بولدى، الله مېنىمۇ سېنىڭ يېنىڭغا يەنى جەننەتۇلفىردەۋسكە پاتىراق ئېلىپ كەتسىكەن".

نەۋف بىكالى ئىسىملىك كىشىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىمام ئەلى بىر كۈنى كۇفە شەھىرىدە مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن ئىكەن: "چىرىپ تۈگەيدىغان كىچىككىنە مال - دۇنيانى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ساۋابقا تېگىشكەن ئاشۇ بەندىلەر نېمىدېگەن بەختلىك - ھە! شۇنداق، ئۇرۇشتا شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمىز ھازىر ئېسىل نازۇنېمەتلەر، شېرىن شەربەتلەر بىلەن ھوزۇرلىنىۋاتىدۇ، بىز ئۇلارنى ئۆلۈك دەپ بىلگەن بىلەن، ئۇلار ھەقىقىي ھايات كىشىلەردۇر". ئىمام ئەلى مۇشۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ ساقىلىنى سىقىمدىغان پېتى بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى. ئىمام ئەلىنىڭ بۇ ھالىتىدىن سەپداشلىرىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

دەرار ئىبنى ھەمزە مۇنداق دەيدۇ: ئىمام ئەلىنىڭ زۇلمەتلىك بىر كېچىدە ساقىلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ، بۇقۇلداپ يىغلىغان ھالدا دۇنياغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: "مېنى ئالدايمەن دەپ ئاۋارە بولما. تېخى مېنى ئۆزۈڭگە قىزىقىدۇ دەپ خام - خىيال قىلىۋاتامسەن؟ مېنى كۆزىنىڭ قىرىنى ماڭا سالىدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭ، خاتالاشقان بولىسەن. چۈنكى مەن سېنى قايتا نىكاھىمغا ئالماسلىق ئۈچۈن ئۈچ تالاق قىلىۋەتتىم، ئەمدى سەن قانچە يالۋۇرساڭمۇ، مەن ساڭا ئالدانمايمەن. چۈنكى سېنىڭ ۋەدىلىرىڭ يالغان، ئۆمرۈڭ بەك قىسقا. ئىسىت! سەپىرىم بەك ئۇزۇن، لېكىن تەييارلىقىنىڭ تايىنى يوق!"

شۇنداق، ئىمام ئەلى بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق اللهنىڭ ئازابىدىن قورققانلىقىنى ۋە جەننەتكە بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

سىز ئىمام ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ نەقەدەر ئەھەممىيەتلىك، نەقەدەر ئېسىل دۇردانىلەردىن

ئىكەنلىكىنــى ھــېس قىلــىپ يېتىســىز. بــۇ كىتــاب ئىمــام ئەلىنىــڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىمام ئەلىنىــڭ ھېكمەتلىرىــدىن توپلانغــان «نەھجــۇلبەلاغە» نــاملىق كىتابىنىــڭ خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئــارقىلىق ئىمــام ئەلىنىــڭ ھېكمىتــى ۋە دانــالىقى بىــلەن تونۇشــۇپ چىقىســىز، ئەڭ مۇھىمى، سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ھاياتىڭىزنى قايتا ســىزىپ چىقىسىز. چــۈنكى، بــۇ كىتــاب ھەم ئەخــلاق دەســتۇرى ھەم ئىمــان مىزانى بولۇشقا ئەڭ لايىق كىتابلاردىندۇر.

# 1 - باب
# ئاتا - ئانا ھەققىدە

* كىمكــي ئاتــا - ئانىســغا ۋاپــادار بولــدىكەن، ئەجرىنــى بالىلىرىدىن كۆرىدۇ.
* كىمكى ئاتا - ئانىسغا چوڭچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ ھەققەتەن ئازغان بولىدۇ.
* ئاتا - ئانىلارغا بولغان مېھىر - مۇھەببەت پەرزەنتلەرنى ئاتا - ئانىلارغا باغلايدىغان ھەقىقىي نەسەبتۇر.

## ئادەم بالىسى ھەققىدە

* ئىنســان نېمىــدېگەن بىچــارە - ھە! ئــۇ قاچــان ئۆلۈشــىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغــا نۇرغۇنلىغــان كېســەللىكلەر يوشــۇرۇنغان، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى خاتىرىلىنىپ ماڭىدۇ، ئۇنى پاشا جېنىدىن بىئارام قىلالايدۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەرلىرى ئۇنى چىرىتىۋېتەلەيــدۇ، گېلىغا تۇرۇپ قالغان بىر پارچە سۆڭەكمۇ جېنىنى ئالالايدۇ.
* ئادەم بالىسىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئاچلىق ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغــان، توقلۇقتىن خۇدىنى يوقاتقان، بالا - قازانىڭ نىشانىغا ئايلانغان، ئــۇ بــۇ دۇنيادىن بەرىبىر كېتىدۇ.

## ئۆز نەپسىدىن كېچىش ھەققىدە

* ئۆز نەپسىدىن كېچىش پەزىلەت، تاماخورلۇق بەد ئەخلاق.

* ســـېخىيلىقنىڭ پەللىســـى ۋە پەزىلەتنىـــڭ ئەڭ ئېســـلى نەپسىدىن ۋاز كېچىشتۇر.

* ئىماننىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى ۋە ياخشــى ئىشــلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىشتۇر.

* ئـــۆز نەپســـىدىن كـــېچىش ياخشـــىلارنىڭ پەزىلىتـــى، ئالىيجانابلارنىڭ تەبىئىتىدۇر.

* ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشــقىلارغا ئۆتۈنــۈپ بېــرىش مەردلەرنىڭ ئېسىللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

* ئۆز ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنــۈپ بېــرەلىگەن كىشى پەزىلەت دېگەن ئېسىل سۈپەتكە لايىقتۇر.

* ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشــقىلارغا ئۆتۈنــۈپ بېــرىش ئېسىل كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

* ئېسىل ئەخلاقلار پاكلىق ۋە ئۆز نەپســىدىن كــېچىش بــىلەن تاكامۇللىشىدۇ.

## ئەجەل ھەققىدە

* ئەجەل بېكىتىلگەن، رىزىق تەقسىم قىلىنغان، ئۇنداق ئىــكەن ھېچكىم رىزقىنىــڭ كېچىككەنلىكىــدىن بىئــارام بولمىسۇن، چــۈنكى ھېرىسمەنلىك رىزىقنىڭ كېلىشىنى تېزلىتەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك قانائەت رىزىقنىڭ كېلىشى كېچىكتۈرەلمەيدۇ. مۆئمىنغا سەۋرچانلىق يارىشىدۇ.

* ئەجەلنى ئەسلەش قەلبىڭلاردىن غايىب بولۇپ، ئورنىغا يالغان ئارزۇ - ئارمانلار پەيدا بولمىسۇن.

* زېھنىڭلاردىن ئەجەلنىڭ ھەق ئىكەنلىكى كۆتۈرۈلۈپ، قــۇرۇق ھاۋايى - ھەۋەس سىلەرنى ئالداپ كەتمىسۇن.

* ئەجىلنى كۆزەتكەن كىشى ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ.

* ئەجەل يېقىنلاشقاندا، ھېچ قانداق ئامال - چارە كار قىلمايدۇ.

* ئەجەل كەلگەندە، ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ خىيال ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا چىقىدۇ.

* ئەمەلنى كىچىكتۈرۈپ، ئەجەلنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلار نېمىدېگەن كۆپ - ھە!

* ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلار چېكىگە يەتكەندە ئەجەلنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىنى ئەسلەڭلار.

* ئەجەل كېلىشتىن بۇرۇن ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار، ئەڭ قىسقا زاماندا ئىنسانلارنى ئەجەل قىستاپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلىدۇ.

* ئەجەل بىلەن مۇسابىقىلىشىڭلار، ئەمەلنى پۇختا، ئىخلاس بىلەن قىلىڭلار، ئاقىۋىتىڭلار خەيرلىك بولىدۇ.

* ئەجەلنى كۆرەلىگەن بولساڭلار، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىدىن يىرگىنگەن بولاتتىڭلار.

* ئەجىلنىڭ ھەقلىقىنى بىلگەن كىشى ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەيدۇ.

* ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقىنى  بىلگەن كىشى ئارزۇ - ئارماننى ئاز قىلىدۇ.

* ئەتىمۇ چوقۇم ياشايمەنغۇ دەپ ئويلىغان كىشى ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمىگەن كىشىدۇر.

* تىنىقىنىڭ ئەجىلىگە يەتكۈزىدىغان يول ئىكەنلىكى، ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى كېچىكتۈرمىگەن، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمىگەن كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

## ئاخىرەت ھەققىدە

* ياخشى ئەمەللىرىڭ سېنى جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

* دۇنيانىڭ ئەھۋالى بىرلىشىش بىلەن، ئاخىرەت ئىشلىرى تەييارلىق بىلەن.

* غەلىبە قىلىش ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىششنى ئويلىساڭلار فانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا قولىڭلاردىن كېلىشىچە ئۇزۇق ئېلىڭلار.

* ئاخىرەتنىڭ (جەننەتنىڭ) ھۇزۇرى، دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەملىرىگە بەدەل بولىدۇ.

* جەننەتنى ئارزۇ قىلغۇچى مەقسىتىگە يېتىش بىلەن بىرلىكتە، مال - دۇنيادىنمۇ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن رىزىققا ئېرىشىدۇ.

* ئاخىرەتكە يېتىدىغان نەرسە يوق، مال - دۇنيا ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئۆلچىيەلمەيدۇ.

* ئاخىرقى مەنزىلىڭ بولغان ئاخىرەتلىكىڭنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە بارلىق تىرىشچانلىقلىرىڭنى قولدىن بەرمە.

* بىرىنچى تىرىلىشنى (تۇغۇلۇشنى) كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىككىنچى تىرىلىش (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش)كە ئىشەنمىگەنلەرگە ھەيران قالدىم.

* ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىششنى مەقسەت قىلغان كىشى دۇنيالىققا قانائەتچان بولىدۇ.

* ئاخىرەتكە چىن كۆڭلى بىلەن ئىشەنگەن كىشى، دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەيدۇ.

* ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىشلىق ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشىڭنى ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمىسۇن، چۈنكى ھاياتىڭ بەكمۇ چەكلىك.

* ئەتە بۈگۈنگە بەكلا يېقىن، بۈگۈن قىلغان ئىشلىرىڭ بىلەن ئۆتىدۇ، ئەتە تەقدىرىڭنى ئېلىپ كېلىدۇ.

* سەن ئاخىرەتنىڭ غېمىنى قىل، ئۆز ھالىڭغا قايغۇر، شۇنداق غەمناك كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئۇلارنى مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا ئېلىپ بارىدۇ، نۇرغۇنلىغان غەمكىن كىشىلەر بار كى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىغا يېتەلەيدۇ.

* بۇ دۇنيادا ئاز نەپكە ئېرىشكەن كىشىلەر ئاخىرەتتە ئەڭ كۆپ نەپكە ئېرىشەلەيدۇ.

* ئاخىرەتكە مەھكەم ئېسىلساڭ، بۇ دۇنيا ساڭا باش ئېگىدۇ.

* پەرۋەردىگارىنى تونۇپ تۇرۇپ، جەننەتكە ئىنتىلمىگەن كىشىدىن ھەيرانمەن.

* دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەمىرىگە چىدىيالمىغان كىشى ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

*تەقۋالىقنى قولدىن بەرمىگەن، قۇرۇق ئارزۇنى كۆپ قىلمىغان، ئەمەل ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلغان كىشى ئاخىرەتتە ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ.

* قىيامەتتىن قورقۇش ۋە اللهنىڭ ۋەدىلىرىگە قەتئىي ئىشىنىش ئارقىلىق الله تائالا سىلەرگە تەييارلىغان نازۇنېمەتلەرگە لايىق بولۇڭلار.

## قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ھەمراھلىق ۋە سۆھبەتداشلىق ھەققىدە

* كېرەكسىز كۆپ دوستتىن يارامىلىق ئاز دوست ياخشى.

* دوستلار باياشادلىقتا زىننەت، قايغۇ، ماتەمدە ياردەمچى.

* مەنپەئەتپەرەسلەر مەقسەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنلا يۈز ئۆرۈيدۇ.

* سەن ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاشنى ئارزۇ قىلغان دوستۇڭ ئەڭ ياخشى دوستۇڭ ھېسابلىنىدۇ.

* ياخشىلىقتا ئىنتىلىدىغان، سېنى ئۇنىڭغا يېتەكلەيدىغان، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان دوست ئەڭ ياخشى دوست ھېسابلىنىدۇ.

* دوستلىرىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىل، گۇناھلىرىغا الله تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىل.

* ئەقىللىق ئىنسانلار بىلەن دوست بول، مەنپەئەتلىنىسەن، دۇنياغا بېرىلىپ كەتمە، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايسەن.

* ھېكمەت ئىگىلىرىنى دوست تۇت، ئەيۋچان ئىنسانلار بىلەن ئۈلپەتداش بول، دۇنياغا بېرىلمە، جەننەتتىن يەر ئالىسەن.

* ناچار ئىنسانلار بىلەن ئۈلپەتداش بولۇش ناچارلىقنى كەلتۈرىدۇ، مەينەت يەردىن كەلگەن شامالنىڭ سېسىق پۇراقنى ئېلىپ كەلگىنى ئوخشاش.

* ئەخمەق بىلەن دوست بولۇش جاننى قىينايدۇ.

* سېنى گۇناھ قىلىشتىن توسقانلار سېنىڭ دوستۇڭ، گۇناھ قىلىشقا ئۈندىگەنلەر دۈشمىنىڭدۇر.

* ناچار ئىنسانلار بىلەن دوست بولۇشۇڭ، ياخشى ئىنسانلارنىڭ ساڭا خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* ئەقىللىق، ديانەتلىك كىشلەر بىلەن دوست بول، چۈنكى ئۇلار دوستلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

* دوستلۇق ئۆزۈن داۋاملاشسا، ھۆرمەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

* ھەرقانداق دەرد - ئەلەمدىن ھەزەر ئەيلەي دېسەڭ، نادان بىلەن دوست بولۇشتىن ھەزەر ئەيلە.

* دوستىنىڭ گۇناھلىرى كۆپىيىپ كەتسە، ئۇنىڭغا بولغان مەمنۇنىيەت ئازىيىپ كېتىدۇ.

* دوستىنىڭ ئالدامچىلىقى ئوتتۇرىغا چىققاندا، دوستتىن ۋازكېچىش قولاي بولىدۇ.

* سەمىمىي دوستلۇق يۈرەكتىكى مۇھەببەتنى زىيادە قىلىدۇ.

* ياخشىلار بىلەن دوست بولۇش ئەڭ ياخشى تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

* سېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇڭ ئىككى ئارىدا قازىغا موھتاج قىلمىغان دوستتۇر.

* كىشىنىڭ دوستى ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئىسپاتى، سۆزى بولسا پەزىلىتىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ھەر نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى، لېكىن دوستلارنىڭ كونىسى ياخشى.

* سېنى يول قويۇشقا موھتاج قىلغان ۋە كەچۈرۈم سوراشقا قىستىغان دوست ئەڭ ناچار دوستتۇر.

* باياشادلىقتا بىرلىكتە بولۇپ، قىيىنچىلىقتا يۈز ئۆرۈگەن دوست ئەڭ ناچار دوستتۇر.

* ئەيىبلىرىڭنى كۆرسىتىپ بەرمەستىن ساڭا خوشامەت قىلغان دوست ئەڭ ناچار دوستتۇر.

* سېنى دۇنياغا قىزىقتۇرۇپ، ئاخىرەتتىن ۋاز كەچتۈرگەن دوست ئەڭ ناچار دوست ۋە ئەڭ خائىن دوست ھېسابلىنىدۇ.

* مەيدانسىز دوست ئەڭ ناچار دوستتۇر.

* گۇمانخورلۇق ئەڭ ناچار ھەمراھتۇر.

* پەسكەش بىلەن دوست بولغاندىن، ئېسىل كىشى بىلەن دۈشمەن بولغان ياخشى.

* دوستلىرىڭغا ياخشىلىق قىلماسلىقىڭ، دوستلىرىڭنىڭ سېنى تاشلاپ باشقىلار بىلەن دوست بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

* ناچارلار بىلەن دوست بولغان كىشى كېمىدىكى يولۇچىغا ئوخشايدۇ، گەرچە ئۇ غەرق بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلسىمۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

* دۇنياپەرەس بىلەن ئۈلپەتداش بولۇش ئىمانىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، شەيتانغا باشلايدۇ.

* ھېكمەت ئىگىلىرى بىلەن سۆھبەتداش بولۇش ئەقىلگە ھايات، جېنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇسى.

* قېرىنداشلىقنىڭ مېۋىسى سىرلىرىنى ساقلاپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

* الله يولىدىكى دوستىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى بەدىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

* سىر ساقلاشنى، ۋاپادارلىقنى ئۆزلەشتۈرگەن كىشى ياخشى دوستتىن ئايرىلىپ قالمايدۇ.

* دوستلار داستىخاندا نېمانچە كۆپ، باشقا كۈن كەلگەندە نېمانچە ئاز.

* سەمىمىيلىك ئادەمگەرچىلىكنىڭ پرىنسىپى ، ساغلام ئەقىدە دىنىنىڭ پرىنسىپى.

* گۇمان بىلەن دوستلۇقنى بۇزما، كەچۈرۈم سورىغان دوستۇڭدىن ۋاز كەچمە.

* دوستلۇقنى ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس، بەلكى سىر ساقلاشنى بىلىدىغان، ۋاپادار كىشىلەردىن تەلەپ قىل.

* كاززاپ بىلەن دوست بولۇشتىن ھەزەر قىل، چۈنكى كاززاپ يالغانچىلىقى بىلەن ساڭا يېقىن كىشىلەرنى سەندىن يىراقلاشتۇرىدۇ، سەندىن يىراق كىشىلەرنى ساڭا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

* سېنى ئۇچۇرۇپ، ماختىغانلارنىڭ دوستلۇقىدىن ھەزەر قىل، چۈنكى ئۇلار ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ ۋە سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

* ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ئىش ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشتۇر.

* ئەخلاقنىڭ زىننىتى دوستقا ياخشىلىق قىلىش، ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىش.

* ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئېسىلى مېھىر - مۇھەببەتكە ئېتىبار بېرىش، ھىممەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.

* راستچىل دوستقا قوپاللىق قىلىسىمۇ مۇھەببەتتىن يىراقلاشماسلىقى كېرەك.

* قېرىندىشىڭغا مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى يامان بولسۇن، داۋاملىق نەسىھەت قىلىپ تۇر.

* ھەر نەرسىنىڭ يېڭىسىنى تاللا، لېكىن دوستلارنىڭ كونىسى تاللا.

* كاززاپىنى دوست تۇتۇشتىن ھەزەر ئەيلە، دوست تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالساڭ، گېپىگە ئىشەنمە، لېكىن ئىشەنمىگىنىڭنى تۇيدۇرۇپ قويما، چۈنكى ئۇ دوستلۇقتىن ۋاز كېچىدۇ، لېكىن خۇيىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

* قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەت يولىدا سېنى كۆپ ئاچچىقلاندۇرغان كىشىدۇر.

* دوست بىلەن سەن بىر، لېكىن ئۇ باشقا ئادەم.

* ئەقىللىق كىشى دوستىنى تاللىيالىغان كىشىدۇر، چۈنكى ھەر كىشى دوستى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

* دوستلار بىرنەچچە تەنگە بۆلۈنگەن بىر جان.

* قىتىغۇر كىشىنىڭ دوستى ئاز بولىدۇ.

* دوستىدىن ئەيىب ئىزدىگەن كىشىنىڭ دوستلىرى ئازىيىپ كېتىدۇ

* نادانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كىشى سۆز - چۆچەككە قالىدۇ.

* دوستلىرىنى كۆزىگە ئىلمىغان كىشى دۈشمىنىنىڭ ھۇجۇمىغا پايلىيالمايدۇ.

* ئېغىر كۈنلەردە دوستلارنىڭ سەمىمىيلىكى سىنىلىدۇ.

* بايلىق، مەنسەپتىن ئايرىلغاندا كىمنىڭ دوست كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

* ھەمراھنىڭ سەمىمىيتى قىيىن كۈنلەردە نامايان بولىدۇ.

* ئەڭ ياخشى ئوزۇق سەمىمىي دوست ۋە ئەقىللىق قېرىنداش.

* ئەڭ سەممىي سەپەر ۋاپادار دوست ئىزدەش سەپىرىدۇر.

* دوستۇڭ گېپىڭگە كىرمىسىمۇ، سەن دوستۇڭنىڭ گېپىگە كىر، دوستۇڭ سېنى تاشلىسىمۇ، سەن دوستۇڭنى تاشلىما.

* تەقۋادار كىشى بىلەن دوست بولساڭ گۇناھ قىلىشتىن ساقلىنىپ قالىسەن، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالساڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشىسەن.

* ئەخمەق بىلەن دوست بولما، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقلىرىنى پەردازلاپ سېنىمۇ ئەخمەق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

* نامەرد بىلەن دوست بولما، چۈنكى ساڭا بىرەر ياخشىلىق كەلسە چىدىيالمايدۇ، پىشكەللىككە يولۇققاندا ساڭا تۆھمەت قىلىدۇ.

* ناچار كىشىلەر بىلەن دوست بولغۇچە تەنھا ياشا.

* نادان دوستۇڭغا ئىشەنگەندىن ئەقىللىق دۈشمىنىڭگە ئىشەن.

* ھەر نەرسىنىڭ يامان تەرىپى بولىدۇ، ھاياتنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى دۈشمەن بىلەن دوست بولۇپ قىلىش.

* دوستۇڭغا ئالدىنىپ دۈشمىنىڭگە مەغلۇپ بولۇشتىن ھەزەر ئەيلە.

* ئەخمەق بىلەن دوست بولما، چۈنكى ئۇ ساڭا پايدا يەتكۈزۈش نىيىتى بىلەن زەرەر يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

* دوستۇڭنىڭ سەممىيىتىگە ئىشەنچ قىلالىساڭ، ئۇچراشقىنىڭدا خاتىرجەم بول.

* سىنىماستىن دوست تۇتقان كىشىنى زۆرۈرىيەت ناچار كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا زورلاپ قويىدۇ.

* ســـەممىي دوســـتلار ياخشـــىلىقتا زىنـــنەت، قىيىنچىلىقتـــا ھىممەت.

* الله رازىلىقـــى ئۈچـــۈن قۇرۇلغـــان دوســـتلۇق ئەڭ يـــېقىن تۇغقانلاردىنمۇ يېقىن، ئاتا - ئانىلاردىنمۇ مېھرىبان.

* ناچار دوست ئەڭ خەتەرلىك ھەمـراھ، نامەردلىـك ئەڭ ناچـار كېسەل.

* ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بول، ئۇلارنىڭ بىرى بولىسەن، ناچار كىشىلەردىن ئۇزاق تۇر، ناچارلىقلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.

* دوستىغا مۇلايىم بولغانىنىڭ دوستى ئۇنىڭ رايىغا باقار، دوستىغا قوپاللىق قىلغانىنىڭ دوستى ئۇنى تەرك ئېتەر.

* دوستلۇقى پايـدا بەرمىـگەن كىشـىنىڭ دۈشـمەنلىكى زىيـان بېرىدۇ.

* نادان بىلەن دوست بولۇش نادانلىقنىڭ بەلگىسى.

* دوستقا سىناشتىن بۇرۇن ئىشەنمە.

* دوستۇڭنى سىنىماي تۇرۇپ، يامانلىقـىدىن خـاتىرجەم بولمـا، دۈشمىنىڭنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن داۋاملىق ئېھتىيات قىل.

* بـاقىي دۇنياغـا تەييـارلىق قىلىشـقا ئۈنـدىگەن دوسـت ئەڭ كۆيۈمچان دوستتۇر.

* تاللاشنىڭ ئەڭ ناچىرى ناچار كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشنى تاللىماق.

## ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە

* ئىنسـانىنىڭ ئەخلاقـى بىـر دەرەخ بولسـا، ئۇنـىڭ يىلتىـزى ئەقىلدۇر.

* ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلىتى، ئۆزىنى بىلىشتۇر.

* ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئەخلاققا بولغان ئېھتىياجى، زىرائەتنىڭ يامغۇرغا بولغان ئېھتىياجىدىنمۇ مۇھىم.

* ئىنسانلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاققا بولغان ئېھتىياجى ئالتۇن - كۈمۈشكە بولغان ئېھتىياجىدىنمۇ مۇھىم.

* تەربىيەنىڭ نەتىجىسى پەزىلەت.

* ئەخلاقنىڭ ئىسىللىكى نەسەبنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ.

* ئېسىل ئەخلاق ئېسىل نەسەبتىنمۇ مۇھىم.

* ئەخلاققا ئىنتىلگەن كىشى ئالتۇنغا ئىنتىلگەن كىشىدىنمۇ ئەقىللىق ھېسابلىنىدۇ.

* ئازغىنا ئەدەپ ئالىي نەسەبتىنمۇ شەرەپلىك.

* ھەر نەرسە ئەقىلگە، ئەقىل ئەخلاققا موھتاج.

* ئۆزۈڭنى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ قىلىشنى ياقتۇرمىغان ئىشتىن يىراق تۇرۇشۇڭ.

* ئەدەپ ـ ئەخلاق ئەقىل بىلەن بىرلەشمىگۈچە مۇكەممەل بولمايدۇ.

* ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن كىشىنى ئۇنىڭ ئالىي نەسەبىمۇ قوغداپ قالالمايدۇ.

* ئەدەپ ـ ئەخلاق مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىنىڭمۇ قەدرىنى كۆتۈرەلەيدۇ.

* چۈشكۈن كىشىنىڭ ئالىي نەسەبىمۇ ئۇنىڭ قەدرىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

* ئەقىللىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولغان كىشى، چوپانغا ئوخشايدۇ.

* ئەدەپ - ئەخلاق نېمدېگەن ئالىي نەسەب.

* ئەخلاقنى تەرك ئېتىپ، مەئىشەتكە بېرىلىپ كەتكەن كىشى ھېچبىر ئىشقا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ.

## يەپ - ئىچىش ھەققىدە

* ئاز يېيىش قانائەتچانلىقتىن، كۆپ يېيىش بولسا ئىسراپچىلىقتىن.

* ئاز يېيىش كۆپ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* ھەسەل ھەرىسى كەبى بول، يېگەندە پاك نەرسە يەيدۇ، چىقارغاندىمۇ پاك نەرسە چىقىرىدۇ، ئەگەر بىرەر چۇۋىققا قونسىمۇ سۇندۇرىۋەتمەيدۇ.

* يېمەكى ئاز بولغان كىشىنىڭ تېنى ساق، زېھنى ئۆتكۈر بولىدۇ.

* قورسىقىنىڭ غېمىدا قالغان كىشى قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

* يېمەك - ئىچمەكى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۆزىگە ئېغىر كېلىدۇ.

## اللّٰه تائالا ۋە اللّٰه تائالانىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە

* اللّٰه تائالا ھېچ كىشىنى ئازدۇرمايدۇ، ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ.

* اللّٰه تائالا كۆزلەرگە كۆرۈنۈش ئارقىلىق تونۇلمايدۇ، بەلكى يۈرەكلەردىكى ئىمان نۇرى بىلەن تونۇلىدۇ.

* اللّٰه تائالا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

* اللە تائالا پۈتۈن كائىناتنى زېرىكمەي قىلىپ ياراتمىدى، ئەمەل - ئىبادەتنى بىرەر پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇيرىمىدى.

* ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىن ئىبرەت ئىپلىگلار، چۈنكى ئۇ بىر پارچە ياغ بىلەن كۆرىدۇ، بىر پارچە گۆش بىلەن سۆزلەيدۇ، بىر پارچە سۆڭەك بىلەن ئاڭلايدۇ، بىر تۆشۈكتىن نەفەس ئالىدۇ.

* اللەنىڭ كاتتىلىقىدىن باشلار ئېگىلىدۇ، اللەنىڭ ھەيۋىتىدىن يۈرەكلەر تىترەيدۇ، اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جانلار پىدا قىلىنىدۇ.

* پەرۋەردىگارىڭنىڭ شېرىكى بولسا ئىدى، ئۇنىڭمۇ ئەلچىلىرى ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى ساڭا يەتكۈزگەن بولاتتى.

* اللەنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن كىشى اللەنى ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشاتمايدۇ.

## ئىشلار ھەققىدە

* يۈز بەرمىگەن ئىشلارغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى پاكىت قىلىڭلار، چۈنكى ئىشلار بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

* مەخپىيەتلىككە دىققەت قىلىنغان ئىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىش بولىدۇ.

* ھەر ئىش تەقدىرگە بويسۇنىدۇ، تەدبىر ئېلىپ تۇرۇپمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

* ئاسانلا باشلانغان، چىرايلىقچە ئاخىرلاشقان، نەتىجىسى ياخشى بولغان ئىشلار ئەڭ ياخشى ئىشلار ھېسابلىنىدۇ.

* ئاقىۋىتى ياخشى بولغان، نەتىجىسى تېز كۆرۈلگەن ئىشلار ئەڭ ياخشى ئىشلار ھېسابلىنىدۇ.

* ھەربىر ئىشتا يۈت تېرەپ تۇرالىغۇدەك، ئۆزرۈڭ ۋە باشقىلارنى قايىل قىلالىغۇدەك پاكىتىڭ بولسۇن.

* ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغان ئىش ئەڭ غەلىبىلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

* ھەقىقەت بىلەن مۇجەسسەم بولغان، ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىشلارنى دوست تۇت.

## ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەققىدە

* ياخشى مۇئامىلە كار قىلمىغاندا ئەدەپلەشكە، قامچا كار قىلمىغاندا قىلىچقا تايىنىش كېرەك.

* يامانلىقتىن يۈز ئۆرۈمەي تۇرۇپ، ياخشىلىققا ھەرگىزمۇ يۈزلىنەلمەيسەن.

* الله سىلەرنى پەقەتلا ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشتىنلا توسىدۇ.

* ئىنسانلار الله چەكلىگەن ھەرقانداق ئىشتىن بىھاجەت.

## خىياللار ھەققىدە

* ھەۋەس ئۆلۈمنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئارمانغا يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

* ھەۋەس شەيتاننىڭ غاپىللارنى باشقۇرىدىغان قورالىدۇر.

* ھەۋەس كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى كۆرگەن كىشىنى ئالداپ، ئۈمىد كۈتكەن كىشىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىدۇ.

* ھەۋەس يالغانچىدۇر، بەك ئۇزۇن ياشاش ئىنسانغا دەرد - ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ.

* خىيالنى يالغانچى دەپ بىل ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمە، چۈنكى خىيال دېگەن ئالدامچىلىق، خىيال بىلەن ياشىغان كىشى بولسا ئالدانغان، بىچارە كىشىدۇر.

* نەتىجىسىز ھەۋەستىن، ۋاقىتلىق نېمەتتىن يىراق تۇرۇڭلار.

* خام ـ خىيالغا ئالدىنىش ئەمەلنى ئۇزۇپ قويىدۇ.

* نادان كىشى خام خىيالغا ئالدىنىپ ياخشى ئىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* خام - خىيال ۋاقىتنى زايا قىلىپ، ئەجەلنى يېقىنلاشتۇرىدۇ.

* خام - خىيال بىلەن ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ.

* خام ـ خىيالنى ئاز قىلىپ، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىراڭلار.

* خام ـ خىيالنى ئاز قىلساڭ ئەمەل - ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلالايسەن.

* خام - خىيالنى ئاز قىل، چۈنكى ئۆمۈر بەكمۇ قىسقا، داۋاملىق ياخشى ئەمەللەر بىلەن بول، زەررىچە ئەمەلمۇ كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

* خام - خىيالغا ئالدىنىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلار نېمىدېگەن كۆپ ھە!

* خىيالنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ئەقىلسىزلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ھەۋەس ئەمەلنى ۋەيران قىلىپ، ئەجەلنى يېقىنلاشتۇرىدۇ.

* خىياللار سىنى ئالداپ، ھەقىقەت ئالدىدا يالغۇز تاشلىۋېتىدۇ.

* مەن ھەۋەسلىرىمگە قارشى تۇرۇپ، ئەجىلىمنى كۈتىمەن.

* ھەۋەسنىڭ زىيىنى ئەجەلنىڭ كەلگىنى.

* ئارمانغا يېتىش بىلەن تەڭ قىيىنچىلىقلار ئۆزلۈكىدىن يېنىكلەپ كېتىدۇ.

* ئىنسانىنىڭ ئۆمرىنى خورىتىدىغان، ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان خىياللار نېمىدېگەن يامان - ھە!

* ھەۋەسنىڭ نەتىجىسى ئەمەلنىڭ زايا بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

* قۇرۇق ئارزۇنى كۆپ قىلغان كىشى ياخشى ئىشنى ئاز قىلىدۇ.

* قۇرۇق ئارزۇ - ئارمانلارنى ئاز قىلىش ياخشى ئىش قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىسى.

* قۇرۇق ئارزۇ ئاز بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

* ئۆز ئەجىلىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر كىشىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگىنىگە ئېچىنىمەن.

* خىياللىرى كۆپ كىشىنىڭ ئۆلۈمنى ياد ئېتىشى تەس.

* خام خىيالنى كۆپ قىلغان ئادەم ياخشى ئىشقا نېسىپ بولمايدۇ.

* ھەۋەس ئالدايدۇ، ھايات بولسا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

* ھەۋەس ئالدايدۇ، زۇلۇم ھالاك قىلىدۇ.

* ھەۋەسلىرى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئەملى ياخشى بولمايدۇ.

* ئارزۇ - ئارمانلىرىغا تولۇق يەتكەن كىشى ئەجىلىنىڭ كېلىشىنى كۈتسۇن.

* ئارزۇ مەيدانلىرىدا ئات چاپتۇرغان كىشى، ئەجەل جىلغىسىدا دۇم چۈشىدۇ.

* دۇنيادا ياشاشنىڭ ئاز ۋە ئەجىلىنىڭ قىسقا ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاز بولىدۇ.

* ئــــارزۇ - ئارمانلىرىغـــا يېـــتەلمىگەن كىشـــىلەر روھــــي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ.

* ياخشــى ئىشــنى قولــدىن بەرمىــگەن، پۇرســەتنى غەنىــمەت بىلگەن، ۋاقىتنى زايا قىلمىغان، قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلغان كىشــىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* مــۇۋەپپەقىيەت ئــارزۇنى ئــاز قىلىــپ، پۇرســەتنى قولــدىن بەرمىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

* ھەۋەس ئارقانلىرىنى قويىــۋەتكەن كىشــى ياخشــى ئەمەلــدىن مەھرۇم قالىدۇ.

## رەھبەر ھەققىدە

* ئادىل ھۆكۈمدار شىپالىق يامغۇردىن ياخشى.

* ھۆكۈمدار ھەقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن سەممىي قەلب، ئۆتكۈر تىل ۋە غەيرەت - جاسارەتكە موھتاج.

## خاتىرجەملىك ھەققىدە

* ئىنسانىنى بىردىنبىر خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدىغان نەرســە ئىمان ۋە ئەمەلدۇر.

* ئېرىشــكەن خاتىرجەملىــك بىــلەن كــۆرەڭلىمە، چــۈنكى خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ، جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

* ئەقىــل ئىگىســىگە خاتىرجەملىــك بىــلەن ياشــاش پۇرســىتى تۇرۇقلۇق يەنە ئەنسىزلىك ئىچىدە ياشاش ياراشمايدۇ.

* خــاتىرجەملىكتىن ئىبــارەت بــۇ لەززەتنىــى ئەنســىزلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق ۋەيران قىلىدۇ.

## ئامانەت ھەققىدە

* ئىشەنچلىك، ۋاپادارلىق راستچىللىقتىن ئىبارەت، يالغانچىلىق ۋە تۆھمەتخورلۇق خىيانەتتىن ئىبارەت.

* ئامەنەتكە رىئايە قىلىش ئەقىدىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئالامىتى.

* ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرماسلىق خىيانەتكە بويسۇنۇشتۇر.

* تارقىتىلىشى خالانمىغان ھەرقانداق نەرسە ئامانەت، گەرچە ئۇنىڭ سىر تۇتۇلۇشى تەلەپ قىلىنمىغان بولسىمۇ؟!

* ئامانەتنى كۆزىگە ئىلمىغان كىشى خىيانەت پاتقىقىغا پاتىدۇ.

* ئامانەت بىلەن ئىش قىلغان كىشى دىيانەتلىك كىشىدۇر.

## ئىمان ھەققىدە

* ئىمان يىلتىزى ئىشەنچ، شاخلىرى تەقۋادارلىق، جىلۋىسى ھايا، مېۋىسى سېخىيلىق بولغان بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ.

* داۋاملىق اللهقا تەۋەككۈل قىلالايدىغان كىشىلەر ئىمانى كامىل كىشىلەردۇر.

* ئۆزىنى تونىيالىغان كىشىلەر ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

* ئىمان ھەسەتخورلۇقتىن بىزار.

* باياشات كۈنلەردە شۈكۈر قىلىش، قايغۇلۇق كۈنلەردە سەۋر قىلىش ھەقىقىي ئىمان ھېسابلىنىدۇ.

* ئەقىل، ئىلىم ۋە كەڭ قورساقلىق قاتارلىق ئۈچ خىسلەت تېپىلغان كىشى ئىمانى مۇكەممەل كىشى ھېسابلىنىدۇ.

* خۇشاللىقىداخۇدىنى يوقىتىپ باتىلغا يۈزلەنمىگەن، غەزەپلەنگەن ۋاقتىدىمۇ ھەقتىن تايمىغان، كۈچى يېتىپ تۇرۇپ

كىشىنىڭ ھەقىقىگە قول ئۇزاتمىغان كىشى ئىمانى مۇكەممەل كىشى ھېسابلىنىدۇ.

* يوقسۇللۇقتىمۇ شۇكۇر قىلىپ، اللهنىڭ تەقدىرىدىن شىكايەت قىلماسلىق ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدىندۇر.

* قەلبنىڭ پاكلىقى، ئىشلارنىڭ گۈزەل بولۇشى ئىماننىڭ زىننىتىدۇر.

* ئىماندىكى ئەڭ زور نۇقسان شەك - شۈبھە.

* ئىماننىڭ ساغلام بولۇشى شۈبھىلەردىن ساقلىنىشتا، ئىماننىڭ خاراب بولۇشى تاماخورلۇقتا.

* ئىمانىڭنى شەك - شۈبھىلەردىن قوغدا، چۈنكى تۈز ھەسەلنىڭ تەمىنى بۇزغاندەك، شەكمۇ ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

* ئىماننىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى ھەقىقىي ئىشەنچتۇر.

* الله تائالانى نارازى قىلغان كىشى ئىماننىڭ لەززىتىنى قاندانقداقمۇ تېتىيالىسۇن؟!

* ئىمانلىق بولۇش ئۈچۈن ھەقتە مەھكەم تۇرۇپ، ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىش كېرەك.

* اللهنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولغان، الله يولىدا خەير - ئېھسان قىلىپ، الله رىزالىقى ئۈچۈن ئىسراپتىن ساقلىنالىغان كىشىنىڭ ئىمانى مۇكەممەل بولىدۇ.

## مۇئمىن ھەققىدە

* مۇئمىن داۋاملىق راست گەپ قىلىدۇ، داۋاملىق خەير - ئېھسان قىلىپ تۇرىدۇ.

* مۆئمىن ياخشى كۆڭۈلدە شۈكۈر قىلىپ، يامان كۆڭۈلدە سەۋر قىلىپ، باياشات كۆڭۈلدىمۇ اللەتىن قورقۇپ تۇرغان كىشىدۇر.

* مۆئمىن كىشى غۇرۇرلۇق، سېخىيدۇر، ھەر كىشى ئۆزىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۆزىدىن خاتىرجەم ھالدا ياشايدۇ، لېكىن مۆئمىن كىشى داۋاملىق ئېھتىيات بىلەن ياشايدۇ.

* مۆئمىن باشقىلارنىڭ تەلىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندايدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا بەك كۆچەپ كەتمەيدۇ.

* مۆئمىن كىشى ئىمانىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن، ئېتىقادسىزلىقتىن قورقىدۇ، الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

* مۇسىبەتكە يېقىن، غەم - قايغۇدىن ئۇزاق، ئورۇنسىز گەپ قىلمايدىغان، ئەمەل - ئىبادىتى خالىس بولغان كىشى ھەقىقىي مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ.

* ئىرادىسى پولاتتىن قاتتىق، ئىنتايىن كەمتەر بولغان كىشى ھەقىقىي مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ.

* ھەقىقىي مۆئمىن ئەتراپقا قارىغاندا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ، سۈكۈتتا تۇرغىنىدا تەپەككۇر قىلىدۇ، گەپ قىلغىنىدا اللەنى زىكىر قىلىدۇ، نېمەتكە ئېرىشكەندە شۈكۈر قىلىدۇ، مۇسىبەتكە يولۇققاندا سەۋر قىلىدۇ.

* ھەقىقىي مۆئمىن نەسىھەت ئاڭلىغاندا گۇناھلىرىدىن قول يىغىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇلغاندا ئېھتىيات قىلىدۇ، ئىبرەتلىك بىرەر ۋەقە ئاڭلىغاندا ئىبرەت ئالىدۇ، ھەق ئەسلىتىلسە قوبۇل قىلىدۇ، قېرىنداشلىرىدىن ئەزىيەت يەتسە كەچۈرۈم قىلىدۇ.

* ھەقىقىي مۆئمىن كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەيدۇ.

* مۆئمىننىڭ خۇشاللىقى چىرايىدا، كۆڭلى دىنىنى قوغداشتا، قايغۇسى يۈرىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

* مۆئمىن كىشى ئەقلىنى كۈچەيتىش، شەھۋەتلىرىنى يوقىتىش، ﷲقا بويسۇنۇش ۋە خاھىشىغا قارشى چىقىشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىشى كېرەك.

* باياشادلىقنى سىناق، بالا - مۇسىبەتنى ئاگاھلاندۇرۇش دەپ بىلمىگۈچە مۆئمىننىڭ ئىمانى كامىل بولمايدۇ.

* ئالتۇن ئوت بىلەن تاۋلانغاندەك، مۆئمىنمۇ بالا - قازا بىلەن تاۋلىنىدۇ.

* مۆئمىننىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بار: راستچىللىق، ئىشەنچ ۋە خىياللارغا بېرىلىپ كەتمەسلىك.

* ھەقىقىي مۆئمىن غەم - ئەندىشىسىنى ئاخىرەتكە مەركەزلەشتۈرىدۇ، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە بېغىشلايدۇ.

* مۆئمىن قېرىندىشى ئاچ قالغان ۋاقىتلاردا قەتئىي توق تۇرماسلىقى، بەلكى قېرىندىشىغا ياردەم قىلىشى كېرەك.

* مۆئمىننىڭ تەبىتى باشقىلارغا خەيرخاھلىق قىلىش، خىسلىتى ئەپۇ قىلىش.

* مۆئمىننى ياخشىلىق قىلدۇ دەپ ئويلايدۇ، يامانلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ.

* ھەقىقىي مۆئمىننىڭ تەقۋادارلىقى قەلبىدە ئورۇن ئالىدۇ، پەزىلىتى گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتا نامايان بولىدۇ.

* مۆئمىن پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ، گۇناھلىرىدىن قايغۇرىدۇ.

* مــۇئمىن مــۇلايىم، ســىلىق - ســىپايە، ئوچــۇق - يــورۇق، ئېشەنچىلىك بولىدۇ.

* مۇئمىننىڭ يېتەرسىزلىكى ئاز، ياخشى ئىشلىرى كۆپ بولىدۇ.

* مۇئمىن كۆڭلىگە كەچىكەن بولمىغۇر خىياللىرىغا قايغۇرىدۇ، دوستلىرىغا كۆيۈمچان بولىدۇ.

* مـۇئمىن نائىنساپ كىشىلەرگىمۇ ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

## الله بىلەن سىردىشىش ھەققىدە

* الله بىلەن سىردىشىشنىڭ يولى تەپەككۇر قىلىشتۇر.

* ئىنسانلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن كىشى قانداقمۇ الله بىلەن سىردىشالىسۇن؟!

## سالماقلىق ۋە تەمكىنلىك ھەققىدە

* ئېغىر بېسىقلىق ياخشى ئىشلاردىن باشقا ھەرقانداق ئىشتا ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

* تەمكىنلىك ياخشى ئىشتىن باشقا يەرلەردە ئالدىراقسانلىقتىن ياخشى.

* ھەر ئىشتا سالماق بولۇش بىھۇدە ئىش - ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* قىلغان گەپ - سۆزلەردە سالماق بولۇش خاتا گەپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* زۇلمەت تەدرىجى تارقىلىدۇ، مەھەللىسىگە كېلىشكە ئالدىراۋاتقان كارۋان تۆگىلىرىنىڭ يۈرتىغا يېتىپ كەلگىنىدەك.

* ئالدىراقسانلىق بىلەن سالماقلىقنى، قوپاللىق بىلەن مۇلايىملىقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلگەن ھالدا ئەقلىڭنى ئىشلىتىشكە ئەھەممىيەت بەرسەڭ مۇۋەپپەقىيەت سېنىڭدۇر.

* سالماق كىشى تۈگىشىپ كەتسىمۇ، ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرىدۇ.

# 2- باب

## بېخىللىق ۋە تاماخورلۇق ھەققىدە

* بېخىللىق ئار - نومۇسقا سەۋەب بولغاندەك، دوزاخقىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

* بېخىللىقتىن ئۇزاق تۇرۇڭلار، چۈنكى بېخىللىق نامەردلىكتۇر.

* بېخىللىقتىن ئۇزاق تۇر، چۈنكى بېخىللىق خارلىق لىباسى ۋە ھەرقانداق پەسكەشلىككە سۆرەيدىغان ئارقاندىن ئىبارەت.

* بېخىللىقتىن ئاگاھ بولۇڭلار، چۈنكى بېخىلدىن يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزار.

* قول ئىلكىدە بار تۇرۇپ بېخىللىق قىلىش اللهقا نانكورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت.

* بېخىللىق يېقىنلاشقان كىشىنى خار قىلىدىغان يىراقلاشقان كىشىنى ئەزىز قىلىدىغان قىلمىشتۇر.

* بېخىللىقنىڭ زىيادىلىششى مەردلىككە تەسىر يەتكۈزۈپ، قېرىنداشلىقنى بۇزىدۇ.

* بېخىللىقنى ئادەم شەكلىدە كۆرسەڭلار، ھەرقانداق كۆز قاراشتىن بىزار بولىدىغان ۋە ھەرقانداق يۈرەك ئۇنىڭدىن سەسكىنىدىغان دەرىجىدە سەت بىر ئادەمنى كۆرگەن بولاتتىڭلار.

* بېخىللىق بىلەن ياشىغان كىشى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ قويىدىغان سەممىي دوستقا ئېرىشەلمەيدۇ.

* ئالىيجاناب كىشىلەر بىخىل ۋە پەسكەش ئادەملەر ھەم سۆھبەت بولۇشتىن ئۆلۈمدىن قاچقاندەك قاچىدۇ.

## بېخىل ۋە تاماخور ھەققىدە

* بېخىل كىشى مال ـ دۇنياسىغا بېخىللىق قىلغان بىلەن ئىززەت ـ ئابرۇيىغا كەلگەندە ئىنتايىن سېخىي بولىدۇ، ھەمدە كۆپلىگەن مال ـ دۇنيا توپلىغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە دىنىنى يۈتتۈرۈپ قويغان بولىدۇ.

* مال ـ دۇنياسىغا ئەڭ بېخىل كىشى شەرىپىنى دەپسەندە قىلىشتا ئەڭ سېخىي كىشىدۇر.

* ئەڭ بېخىل كىشى ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئۆزى ئىشلىتەلمەي باشقىلارغا قويۇپ كەتكەن كىشىدۇر .

* بېخىل كىشى نەپرەتكە قالغان كىشىدۇر، ھەسەتخور بىئارامچىلىق ئىچىدە ياشايدىغان كىشىدۇر.

* بېخىل كىشى ئۆز يارەنلىرى ئارىسىدىمۇ خاردۇر.

* بېخىلنىڭ ھالىغا ھەيرانمەن، ئۆزى قاچقان يوقسۇللۇققا ئۆزىنى ئىتتىرىدۇ، ئۆزى ئىنتىلگەن بايلىق بولسا داۋاملىق ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دۇنيادا يوقسۇللارچە ياشاپ ئاخىرەتتە بايلارنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ.

* ئۆزگە خەجلەشتىن ئېرىنىپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى باشقىلارغا تاشلاپ كەتكەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتقان كىشىلەردۇر.

* يوقسۇللۇقتىن قورقۇپ بېخىللىق قىلغان كىشى يوقسۇللۇققا ئالدىرىغان بولىدۇ.

* ھاجەتمەنگە قول ئىلكىدە بار تۇرۇپ بېخىللىق قىلغان كىشىگە ﷲنىڭ نەپرەت ـ لەنەتلىرى ياغىدۇ.

* ئۆزى قاچقان يوقسۇللۇق تەرەپكە ئالدىراپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان بايلىقتىن قۇرۇق قالغان بېخىلنىڭ ھالىغا ۋاي!

* بېخىللىق قىلىپ ئۆزۈڭنى ئاچ قويما، ئىسراپ قىلىپ ھەددىڭدىن ئاشما.

* بېخىل دۇنيادا ئىنسانلار تەرىپىدىن نەپرەتكە ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئازاب - ئۇقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ.

## ياخشىلىق قىلىشتا بەسلىشىش ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىراش ھەققىدە

* ياخشىلىق قىلىشتا بەسلىشىڭلار، ھەۋەسكە ئىشەنمەڭلار، ئۆمرىڭلارنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاڭلار.

* ئۆلۈمدىن ياكى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىراڭلار.

* ئاغرىپ قىلىشتىن ئىلگىرى سالامەتلىكنى قەدىرلەشكە، قېرىپ قىلىشتىن ئىلگىرى ياشلىقنى قەدىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار.

* يوقسۇللۇققا دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى بايلىقنى قەدىرلە، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ھاياتىڭنى قەدىرلە.

* تەن ساغلام، تىل راۋان، تۆبە قوبۇل قىلىنىدىغان، ئەمەل - ئىبادەت مەقبۇل بولىدىغان ۋاقىتلاردا ياخشى ئىشلارنى قولدىن بەرمەڭلار.

* ھىمايە قىلىنىۋاتقان، تەن ساغلام، ياشاش ئىمكانىيىتى بار، ئىرادەڭلار تاۋلىنىۋاتقان زاماندا ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىراڭلار.

* پۇرسەت ئاپەتكە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ئالدىراڭلار.

* ئەجلىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلغان، پۇرسەتتىن ۋاقتىدا پايدىلانغان، ياخشى ئىشلارنى قولدىن بەرمىگەن كىشى نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىدۇر.

## سالىھلار ھەققىدە

* ياخشى ئىشقا بېرىلگەن كىشىنىڭ ئابرۇيى ئۆسىدۇ.

* ياخشىلىقلىرى ئىنسانلارغا يېقىن بولغان كىشىنىڭ نامى يىراقلارغا تارقىلىدۇ.

* تەبەسسۇمنى سەندىن ئايىغان كىشىدىن ياخشىلىق كۈتمە.

* ياخشى كىشى نادانلارنىڭ نادانلىقىنى تىلغا ئالمايدۇ.

* پايدا- مەنپەئەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئۆز نەپسىنى كۆندۈرۈش - ئېسىل كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدۇر.

## خۇش پېئىللىق ھەققىدە

* تەبەسسۇمغا ئادەتلەن چۈنكى تەبەسسۇم دوستلۇقنىڭ ئارقىنى.

* تەبەسسۇم ئۆچمەنلىك ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ.

* تەبەسسۇم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بەدەلسىز ئۇتۇشتۇر.

* تەبەسسۇم ۋە خۇشخۇيلۇق خەير - ساخاۋەت قىلغان كىشىگە ئىنتايىن يارىشىدۇ.

* تەبەسسۇم ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى ۋەدە قىلىش خەير - ئېھساننىڭ باشلىنىشى.

* خــۇش چــراي بولــۇش مەردلىكنىــڭ تــۇنجى قەدىمــى ۋە سېخىيلىقنىڭ ئەڭ قولىيى.

* خــۇش تەبەسســۇم، ســېخىيلىق، ياخشــى ئىشــلار بىــلەن شۇغۇللىنىش، سالام بېرىش ئىنسانلارنىڭ سېنى ياخشى كۆرىشــگە ئاساس سالىدۇ.

* ساڭا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارىغان كىشى، قاپىقىنى تۈرۈپ تۈرۈپ بارلىقىنى ساڭا بېغىشلىغان كىشىدىن ئەۋزەل.

* خۇش تەبەسسۇم ئېسىل ئەخلاق ۋە گۈزەل كۆرۈنۈشتۇر.

* خۇش تەبەسسۇم پەزىلەتتۇر، تەرىنى تۈرۈش ئەيىبتۇر.

## قاراش ۋە ئەقىل ھەققىدە

* ئەڭ ئەقىللىــق كىشــى ئۆزىنىــڭ ئەيىبلىرىنــى كــۆرۈپ، گۇناھلىرىدىن قول ئۈزگەن كىشىدۇر.

* ئاڭلىغىنى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، كۆرگىنى ھەققىدە پىكىر يۈرگــۈزۈپ، ئىبــرەتلەردىن ياخشــى پايــدىلانغان كىشــى ئەقىللىــق كىشىدۇر.

* پىتنە - پاساتقا ۋە يامانلىققا سەۋەب بولــدىغان نەرســىلەرگە قارايدىغان كۆزنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى.

* ئەقىلسىز كىشىنىڭ كۆزى ناچار بولىدۇ، يەنى ياخشــىلىقلارنى كۆرەلمەيدۇ.

* كائىناتنىڭ سىرلىرى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قولىدا.

* ئەقىلــــدىن ياخشـــى پايـــدىلانغان كىشـــى ھېكمەتنــــى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىبرەتلەرنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

* ئەقىل كۆزى كور بولسا كۆزنىڭ پايدىسى بولماس.

*يامان نەرسىلەرگە قارايدىغان كۆزنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى.

* ھەسرەت ـ نادامەتكە سەۋەب بولغان بېقىشلار نېمىدېگەن كۆپ؟!

* كۆزنى باشقۇرالمىغان كىشى كۆپ چاغلارغا كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

* كۆرۈش كۆز بىلەن ئەمەس، چۈنكى بەزى كۆزمۇ ئىگىسىنى ئالداپ قويىدۇ.

## باتىل ھەققىدە

* خەلقنىڭ قىلغان ناچار ئىشلىرىغا قارشى چىقمىغان كىشى ئاشۇ ئىشنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش، يامانلىققا ئەگەشكەن كىشىگە ئىككى گۇناھ يېزىلىدۇ، بىرى گۇناھقا قارشى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يەنە بىرى، گۇناھنى قىلغانلىقى ئۈچۈن.

* باتىل قىلمىشلار گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدىغان يوللاردۇر.

* ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىق يولىنى تاللىغان كىشى بىلەن بولغان ئالاقىلىنى ئۈز، ئۇنى ئۆزىگە لايىق كۆرگەن گۇمراھلىق بىلەن بىرلىكتە كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت.

* ھەقىقەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان كىشى قانداقمۇ گۇمراھلىقتىن قول ئۈزەلىسۇن؟!

* نۇر چېچىپ تۇرغان چاقماقتا تۇرۇپ، زۇلمەتنىڭ سەپسەتىلىرىگە قۇلاق سالىدىغان كىشى بولمىسا كېرەك.

* گۇمراھلىقلىرى كۆپىيىپ كەتكەن كىشىنىڭ ھەقىقەتكە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

* گۇمراھلىق كىمسىگە چىققان كىشىنى كىمسى غەرق قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

* گۇمراھلىقنى مەقسەت قىلغان كىشى قۇياشتىن نۇرلۇق بولسىمۇ ھەقىقەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

## يىغلاش ھەققىدە

* ﷲتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ﷲتىن قورقۇپ ياش تۆكۈش ﷲنى تونىغان ئارىفلارنىڭ ئىبادىتىدۇر.

* ﷲنىڭ ئازابى ۋە غەزىبىدىن قورقۇپ يىغلاش يۈرەكنى شادلاندۇرۇپ، گۇناھنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* ﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، گۇناھلىرىنىڭ كۆپلىكىنى ئويلاپ يىغلىغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك كىشى؟!

## يۇرت ھەققىدە

* ئاسايىشلىق ۋە موللۇق بولمىغان يۇرت ئەڭ ناچار يۇرتتۇر.

* ھېچبىر يۇرت باشقا يۇرتتىن پەرىقلىق ئەمەس، لېكىن سېنى قوينىغا ئالغان يۇرت ئەڭ ياخشى يۇرتتۇر.

## پاساھەت ھەققىدە

* تىلغا راۋان، چۈشىنىشكە قولاي بولغان سۆز پاساھەتلىك سۆزدۇر.

* كېچىكتۈرمەستىن ۋاقتىدا، توغرا جاۋاب بېرىش پاساھەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

* سۆزنى بۇزۇپ - تۈزىتەلىگەن كىشى پاساھەتتە ۋايىغا يەتكەن كىشىدۇر.

* پاساھەتلىك كىشىمۇ بەزىدە ئىككىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

# 3- باب

## تەۋبە ھەققىدە

* تەۋبە پۇشايمان قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈش ۋە گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا نىيەت قىلىش دېمەكتۇر.

* ئۆلۈم يېتىپ كەلگۈچە تەۋبە قىلىۋالدىغانلار يوقمۇ؟

* تەۋبە قەلبنى پاكلاپ، گۇناھلارنى يۇيىدۇ.

* تەۋبىنىڭ مېۋىسى نەپسى خاھىشقا بېرىلىشنى توختىتىشتۇر.

* تەۋبە قىلغان كىشى اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، اللهقا يېقىنلىغان بولىدۇ.

* الله تەۋبە قىلىشتەك كاتتا نېمەت بەرگەن كىشىلەرگە تەۋبىنى قوبۇل قىلىشتەك ئۇلۇغ نېمەتنىمۇ بېرىشكە قادىر.

* تەۋبە ۋە ئىستىغپار ئاز بولسىمۇ، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى پاكلايدۇ.

## ساۋاب ھەققىدە

* ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئەڭ ياخشى پايدا، اللهقا يۈزلىنىش بولسا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ گۈل تاجى.

# 4- باب

## قورقۇنچاقلىق ھەققىدە

* توخۇ يۈرەكلىكتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى قورقۇنچاقلىق نومۇس ۋە كەمسىتىلىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىل.

* قورقۇنچاقلىقنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشى شەخسىيەتنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## تىرىشىش ھەققىدە

* تىرىشچانلىقنىڭ ياخشىسى نەتىجىلىك بولغىنىدۇر.

* تىرىشقان كىشى دۈشمىنىگە غالىب كېلىدۇ.

* تىرىشچان كىشى مۇرادىغا يېتەر.

* تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسىنى يېگەن كىشى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەن كىشىدۇر.

## تەجرىبە - ساۋاق ھەققىدە

* تەجرىبىنىڭ مېۋىسى ياخشى تاللاشتا.

*. تەجرىبىنى يەكۈنلەش ئەقىللىقنىڭ ئىشى.

* سېنىڭ ئەڭ ياخشى تەجرىبەڭ، ساڭا ئىبرەت ئاتا قىلغىنىدۇر.

* ھەربىر تەجرىبىدە ئىبرەت بار.

* تەجرىبىسى كۆپ كىشىنىڭ خاتاسى ئاز بولىدۇ.

* تەجرىبىلەردىن ياخشى ساۋاق ئالغان كىشى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولىدۇ.

* تەجرىبىنى جايىدا ئىشلەتمىگەن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى قاراڭغۇ بولىدۇ.

## قاقشاش ھەققىدە

* مۇسىبەت يەتكەندە قاقشاش مۇسىبەتنى كۆپەيتكەنلىك.
* بىر مۇسىبەت قاقشىساڭ ئىككى بولىدۇ.
* قاقشاش تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، لېكىن كېلىدىغان ساۋابنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ.
* مۇسىبەتكە قاقشاش مۇسىبەتنى زىيادە قىلىدۇ، سەۋر قىلىش ئۇپتىن قۇرتۇۋېتىدۇ.
* قاقشاشنى سەۋر بىلەن يېڭىڭلار، چۈنكى قاقشاش ساۋابنى كۆيدۈرۈپ مۇسىبەتنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ.
* قولۇڭدىن كەتكەن ھەر نەرسىگە قاقشىماقچى بولساڭ، ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگىمۇ قاقشا.
* قاقشىغان كىشى ئۆزىنى قىيناپ، اللهنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، ساۋابىنى يوق نەرسىگە ساتقان بولىدۇ.

## مۇكاپات ۋە جازا ھەققىدە

* مۇكاپات مۇسىبەتكە قارىتا بولىدۇ.
* اللهنىڭ نېمەتلىرىگە نىيىتىڭگە يارىشا ئېرىشىسەن.
* مۇكاپاتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمىغان كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى شەك ۋەيران قىلىدۇ.
* الله تائالا گۇناھكار بەندىلەرگە جازا بىلەن بىرلىكتە ئاپەتلەرنىمۇ ئىرادە قىلدى.

* نامەردلەرنىڭ كەچۈرۈم قىلغىنىدىن مەردلەرنىڭ جازالىغىنى ياخشى.

* كەچۈرۈم سورىغان كىشىنى جازالاش نېمىدېگەن بىمەنىلىك ھە!

## بەدەن ۋە سالامەتلىك

* قىسمەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەننىڭ ساغلاملىقىدۇر.

* كېسەلمەن بەدەننىڭ ساغلاملىقىدىن قانداقمۇ مەغرۇر بولغىلى بولسۇن؟

## قوپاللىق ھەققىدە

* قوپاللىقتىن يىراق تۇر، چۈنكى قوپاللىق قېرىنداشلىقنى بۇزۇپ الله ۋە ئىنسانلارنىڭ سېنى يامان كۆرۈشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

## جىما ھەققىدە

* ھەزرىتى ئەلى جىما ھەققىدە سورۇلغاندا، ئۇ: تارتىنىشنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئەزلالارنىڭ بىر يەرگە كېلىشىدىن ئىبارەت، بۇ ئارىدا ئىنسانىنى راھەت ئورىۋالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا كۆپ بېرىلىپ كېتىش قېرىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش پۇشايماننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھالال مۇناسىۋەتنىڭ مېۋىسى پەرزەنتتىن ئىبارەت، ئەگەر پەرزەنت ياشايدىكەن، ئىنسانلار ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدۇ، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلۈمگە قايغۇرىدۇ.

## جەننەت ھەققىدە

* جەننەتكە ئوخشاش ئىزدىگۈچىلىرى ئۇخلاۋاتقان، دوزاخقا ئوخشاش قاچقۇچىلىرى ئۇخلاۋاتقان يەرنى پەقەتلا كۆرمىدىم.

* ئاللاھقا ئىشىنىپ ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلانساڭ، ئاللاھ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن بارلىقىڭنى سەرپ قىلساڭ، ئاللاھ ساڭا رەھمەت ياغدۇرىدۇ.

* ھەرقانداق نېمەت جەننەتنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.

* جەننەتكە ئىنتىلگەن ھەرقانداق كىشى شەھۋەتلىرىدىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك.

* ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ھىيلە- مىكىر بىلەن كىرگىلى بولمىغاندەك، ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى بارلىق نېمەتلىرىگىمۇ ئاللاھنى رازى قىلماي تۇرۇپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

## سېخىيلىق ھەققىدە

* ئاللاھ يولىدا سېخىيلىق قىلىش ئاللاھقا يېقىن كىشىلەرنىڭ ئىبادىتىدۇر.

* سېخىيلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى بار نەرسىنى ئاتىماقتۇر.

* ئەڭ ئېسىل سېخىيلىق ھەر كىشىگە ھەققىنى بەرمەكتۇر.

* سېخىيلىق ئەمىرنىڭ ئاساسى، ئادالەت بولسا پادىشاھلىقنىڭ ئاساسى.

* سېخىيلىق نومۇسنى قوغدايدىغان قاراۋۇل.

* سېخىيلىق تەبىئىتىڭنىڭ ئېسىللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

* سېخىيلىق شان - شەرەپكە سەۋەب بولغاندەك، ياخشى نام قالدۇرۇشنىڭمۇ سەۋەبچىسىدۇر.

* قولۇڭلاردىن كېلىشىچە سېخىيلىق قىلىڭلار ۋەدەڭلارنى ئورۇنداڭلار، توختاملارغا بۇزغۇنچىلىق قىلماستىن ئىجرا قىلىڭلار.

* يوقسۇلنىڭ سېخىيلىقى ئۇنى شان - شەرەپكە ئىگە قىلغاندەك، باينىڭ بېخىللىقىمۇ ئۇنى خارلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ.

* دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىنى سېخىيلىق بىلەن الله يولىدا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىگە ئېرىشىڭلار.

* سېخىيلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بارلىقىنى ئاتا قىلىشتۇر.

* چىرايلىقچە بەرمىگەن قوپاللىققا ئۇچرىغاندا بېرىدۇ.

* كىشىنىڭ سېخىيلىقى دۈشمىنىنى دوست قىلىدۇ، بېخىللىقى بولسا، بالىلىرىنىمۇ دۈشمەن قىلىدۇ.

## قوشنىلار ھەققىدە

* ناچار قوشنا ئەڭ كاتتا مۇسىبەت ۋە ئەڭ قىيىن سىناقتۇر.

* ياخشىلىق كۆتمىسەڭمۇ، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالايدىغان كىشى بىلەن قوشنا بول.

* ئۆي ئېلىشتىن ئىلگىرى قوشناڭنى تونۇۋال.

* ناچار قوشنىدارچىلىق ۋە ياخشى كىشىلەرگە يامانلىق قىلىش نامەردلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

* قوشنىدارچىلىقى ياخشى كىشىنىڭ قوشنىلىرى كۆپ بولىدۇ.

* قوشنىلىرىغا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياردەمچىلىرى كۆپ بولىدۇ.

## ئاچلىق ھەققىدە

* ئۆزىنى خار قىلغاندىن ئاچ قالغان ياخشى.

* ئاچلىق ئۆز نۆۋىتىدە پايدىلىق دورا، زىيادە توقلۇق بەزىدە ئىنسانغا دۈشمەن.

* ئاچ يۈرۈشنى ئادەت قىل، قانائەت بىلەن زىنىنەتلەن.

* ھاۋايى - ھەۋەسنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئاچ يۈرۈشتىن ئىبارەت.

## جىھاد ھەققىدە

* جىنىنى الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا پىدا قىلغان كىشىنىڭ جېنى ئازابتىن، ئەزىيەتلەردىن سالامەت قالغان جان بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ تىجارىتى بولسا ناھايىتى ياخشى پايدا بەرگەن تىجارەت بولىدۇ.

* جىھاد دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە بەختلىك كىشىلەرنىڭ يولىدۇر.

* بۇرۇنقى خەلق ھۆكۈمرانلىرىدىن شىكايەت قىلغان بولسا، مەن خەلقىمدىن شىكايەت قىلىۋاتىمەن، خۇددى مەن خەلق، ئۇلار ھۆكۈمران ياكى مەن سەرسان ئۇلار سەۋەبكار.

## نەپسى خاھىش ھەققىدە

* جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى نەپس بىلەن جىھاد قىلىپ، ئۇنى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلاشتۇر.

* نەپسى خاھىشقا قارشى جىھاد قىلىش، ئىش بېشىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش قەتئىي قولدىن بېرىشكە بولمايدىغان نېمەتلەردۇر.

* نەپسى خاھىشقا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ نەتىجىسى نەپسنى يېڭىشتۇر.

* شەھۋىتىڭ بىلەن كۈرەش قىل، ئاچچىقىڭنى بېسىۋال، ناچار ئادەتلىرىڭنى تاشلا، شۇنداق قىلالىساڭ روھىڭ پاكلىنىپ، ئەقلىڭ مۇكەممەللىشىپ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۇكاپاتلىرىغا لايىق بولىسەن.

* ئىلىم بىلەن قورallىنىپ تۇرۇپ، نەپسى خاھىشقا قارشى جىھاد قىلىش ئەقلىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ئاچچىقنى سەۋر بىلەن يېڭىش ئالىيجانابلىقنىڭ بەلگىسى.

* نەپسىڭنى يېڭىشتە، ئۇنىڭ خاھىشىغا قارشى تۇرۇشىڭ يېتەرلىكتۇر.

## نادانلىق ھەققىدە

* نادانلىق ئىنسانغا نىسبەتەن بەدەننى چۈرۈتىدىغان قۇرۇتتىنمۇ خەتەرلىك.

* نادانلىق ئۇلاغقا ئوخشايدۇ، كىمكى ئۇنىڭغا مىنسە، ئۇنى باشقۇرۇپ كېتىدۇ، كىمكى كەينىدىن ماڭىدىكەن ئازىدۇ.

* ئارتۇقچىلىقنى بىلمەسلىك ئەڭ ناچار قىلمىشتۇر.

* نادانلىقنىڭ پەللىسى ئۆزىنى بىلمەسلىك.

* نادانلىق ناچارلىقنىڭ مەنبەسى.

* نادانلىق يولدىن ئازدۇرrar، ئاخىرى پۇشايمانغا قالدۇرار.

* نادانلىق ھەققىي ھاياتقا خاتىمە بېرىپ، بەختسىزلىكنىڭ ئەبەدى داۋاملىششىغا سەۋەب بولىدۇ.

* ھەرقانداق ناچار قىلمىش نادانلىق بىلەن تارقىلىدۇ.

* نادانلىقنىڭ زىيىنى ئۇزۇن، ھەسەتخورنىڭ شادلىقى قىسقا.

* ئورۇنسىز كۈلكە ئىنسانىنىڭ نادان ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك دەلىلىدۇر.

* ئۆز ئەيىبىنى تونۇماسلىق ئىنسانىنىڭ نادان ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

* ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلاردىن باشقىلارنى چەكلەش نادانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* نادانلىقنىڭ قۇلى بولغان كىشى ئەقىلگە ئاسىيلىق قىلغان كىشىدۇر.

* ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق جاھالەتكە قارشى چىققان ئادەم بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

* نادان كىشى ئىبرەت ئالمايدۇ، شۇنىڭدەك نەسىھەتلەردىنمۇ پايدىلىنالمايدۇ.

* نەپسى خاھىشىغا بويسۇنۇپ، ﷲقا ئاسى بولغان كىشى ھەقىقي نادان كىشىدۇر.

* بىلىمسىز كىشى بىلىملىك كىشىنى تونۇمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىلىملىك بولۇپ باقمىغان.

* نادان ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەمدە نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمايدۇ.

* نادان ئارزۇ - خىياللىرىغا تايىنىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىدۇ.

* نادان سۇ چىقمايدىغان تاشقا، كۆكەرمەيدىغان دەرەخكە، ھوسۇل بەرمەيدىغان ساسلىققا ئوخشايدۇ.

* نادان كىشى تىرىكلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان جەسەتتۇر.

* نادانىنىڭ نادانلىقى يامان ئىشلارنى تەشۋىق قىلىشتا، ھەۋىسى كۆرەڭلەشتە، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى قالايمىقان، قىلغان ئىشلىرى رەتسىزدۇر.

* نادان گەرچە تىرىك بولسىمۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ قاتارىدىن.

* نادانىنىڭ قىلغان توغرا ئىشى بىلىملىك كىشىنىڭ خاتالىقى بىلەن تەڭ.

* نادان دېگەن قۇرۇق ئارزۇ - خىياللارنىڭ قۇلىغا ئايلانغان كىشىدۇر.

* نادان كىشى قېرىغانسېرى نادانلىقى ياشىرىپ قالىدۇ.

* نادانىنىڭ تۇرالغۇسى يوق، كۆچمەنگە ئوخشايدۇ.

* بىلىمسىزگە ئىتائەت قىلىش، بىھۇدە ئىش - ھەرىكەت ۋەگەپ - سۆزلەرنى كۆپ قىلىش نادانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

* نادانىنىڭ مەنمەنلىكى باتىلغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ.

* قەدەمنى قانداق بېسىشنى بىلمىگەن كىشى ئازىدۇ.

* بىلىمسىز كىشى ئۆزى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھالى كۈندىن كۈنگە خارابلىشىدۇ.

* ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاچچىقلىنىشقا ئالدىراش نادانلارنىڭ تەبىئىتىدۇر.

* نادان كىشىنى قىلىچ بىسىدىن باشقا نەرسە چۆچۈتەلمەيدۇ.

## جەھەننەم ھەققىدە

* جەھەننەمدە قالغان كىشى چىقالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالغان كىشىنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ، ئازاب - ئۇقۇبەتلىرى ئۈزۈلۈپ

قالمايدۇ، تۈگەيدىغان مۇددىتىمۇ بولمايدۇ، ئۆلەي دېسە ئۆلەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە ئۆلۈم يوق.

* جەھەننەمنىڭ تېگى چوڭقۇر، يەرلىرى قاراڭغۇ، قازانلىرى قىزىق، پۈتۈن ئىشلىرى قورقۇنچ ۋە دەھشەتلىكتۇر.

* قىيامەت كۈنى دوزاختا يېقىلغۇ بولىدىغانلار يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىشتىن باش تارتقان بايلار ۋە دىنىنى ئازغىنە دۇنيا ھەۋەسلىرىگە ساتقان ئالىملاردۇر.

## 5- باب

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىنى ياخشى كۆرگۈچىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

* كىم بىزنى يۈرىكى بىلەن سۆيۈپ، تىلى بىلەن ياردەم قىلىپ، قىلىچى بىلەن دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى كۈرەش قىلسا، قىيامەت كۈنى جەننەتتە بىز بىلەن بىرلىكتە بولىدۇ.

* مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئىككى تۈرلۈك ئىنسانلار ۋەيران بولدى ھەم بولاۋاتىدۇ: بىرى، ياخشى كۆرۈپ ئاشۇرىۋاتقان كىشىلەر، يەنە بىرى، ئۆچ كۆرۈپ ئاشۇرىۋاتقان كىشىلەر.

* مېنى تاغ ياخشى كۆرسىمۇ ئېرىپ كېتەتتى.

### سۆيگۈ ھەققىدە

* بىر نەرسىنى ياخشى كۆرگەن كىشى داۋاملىق شۇ نەرسىنى ئەسلەپ تىلىغا ئالىدۇ.

* سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن كىشى ساڭا خوشامەت قىلمايدۇ، سېنى ھەقىقىي ماختىماقچى بولغان كىشى ساڭا بىلدۈرمەستىن ماختايدۇ.

* ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ يېقىملىق كىشى خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان كىشىلەر بولۇشى كېرەك.

## قىزىققانلىق ھەققىدە

* قىزىق قانلىق سارائكلىقنىڭ بىر تۈرى، چۈنكى قىزىق قىزىق ئادەم داۋاملىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئەگەر پۇشايمان قىلمىسا، ئۇنىڭ سارائكلىقى چىكىدىن ئاشقان بولىدۇ.

* قىزىق قانلىقنى تاشلاپ، دەلىل - ئىسپات ھەققىدە ئويلىنىپ، كەلسە - كەلمەس گەپلەردىن خالىي بولساڭ، خاتالىششتىن ساقلىنىپ قالىسەن.

## ئۇرۇش ھەققىدە

* پەيتىدە چېكىنىش زاماندا زەپەر قازىنىش دېمەكتۇر.

* ئەسكەرلەر خەلقىنىڭ قورغانلىرىدۇر.

* ئەسكەردىكى ئاپەت قوماندانغا بويسۇنماسلىقتا.

* ئەسكەرلىرىنى ياردەمسىز تاشلىۋەتكەن كىشى دۈشمەنلىرىگە ياردەم بەرگەن كىشىدۇر.

* ئۇرۇشتا ئىرادىلىك بولۇڭلار، چۈنكى ئۇ يۈرەكلەرگە خاتىرجەمكىك ئاتا قىلىدۇ.

* جەڭ مەيداندىن قاچقان كىشىنىڭ گۇناھى كەچۈرگۈسىزدۇر.

* بەزى جەڭلەر تىنچلىقتىنمۇ ياخشى.

* جەڭ مەيداندىن قېچىش اللهنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغان نەرسە، قاچقان كىشىگە داۋاملىق خارلىق ھەمراھ بولىدۇ، ئۇنىڭ قېچىشى بىلەن ئۆمرى ئۇزىراپ قالمايدۇ ۋە ھېچبىر زامان كەلگەن ئەجەلنى بىر سېكۇنتمۇ كېچىكتۈرەلمەيدۇ.

* ھۇجۇم قىلىشقا ئادەتلىنىڭلار، قېچىشتىن نومۇس قىلىڭلار، چۈنكى قېچىش دۇنيادا خارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئاخىرەتتە دوزاخقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

* جەڭ مەيداندا سابىت تۇرۇڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ مەھكەم تۇرۇشۇڭلار قىلىچىڭلاردىكى كۈچكە كۈچ قوشىدۇ.

## ھۆرلۈك ھەققىدە

* ھۆر كىشى بېشىغا بالا - قازا كەلسىمۇ يەنىلا ھۆر پېتى قالىدۇ.

* ھۆرلۈك ھىيلە- مىكىردىن خالىي بولۇشى كېرەك.

* ھۆر كىشىنى بېشىغا كۈن چۈشكەندە قۇتقۇزۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭگە قۇل قىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن، بولمىسا قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

* ھۆر كىشىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزمىغۇچە بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ.

* الله سېنى ھۆر ياراتقان ئىكەن، ھېچقانداق مەخلۇققا قۇل بولماسلىقىڭ كېرەك، چۈنكى ياخشى كىشىنىڭ ياخشىلىقىمۇ بىرەر يامانلىقتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، شۇنىڭدەك ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن چوقۇم بىر ئاسانلىق بولىدۇ.

## ھېرىسمەنلىك ۋە ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە

* نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھېرىسمەنلىك، ئاچ كۆزلۈك ۋە بېخىللىقتىن ئىبارەت.

* دۈشمىنىڭدىن قىساس ئېلىپ ئۆچىڭنى ئالغاندەك، ئاچ كۆزلۈكىڭدىن قانائەت بىلەن ئىنتىقام ئال.

* ئاچ كۆزلۈكتىن ئۇزاق تۇر، چۈنكى ئاچ كۆزلۈك دىنغا ھاقارەتتۇر.

* ئاچ كۆزلۈك ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ رىزقىنى ئاشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.

* سەن ئەجىلىنى كېچىكتۈرەلمەيسەن، شۇنىڭدەك، ساڭا تەقسىم قىلىنغان رىزىقتىن ئارتۇقىغا ئېرىشەلمەيسەن، شۇنداق ئىكەن نېمدەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلىسەن؟!!

* ئاچ كۆزلۈككە قارشى تۇرۇش تاماخورلۇق ۋە ھېرىسمەنلىكنى يۇتۇنلەي يوقىتىدۇ.

* ھېرىسمەنلىكنىڭ ھەددىدىن زىيادە بولۇشى ئاچ كۆزلۈك ۋە ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىندۇر.

* ئاچ كۆزلۈك ئېتىقادنى بۇزىدۇ.

* ھېرىسمەنلىكىڭنى بېسىۋال، ساڭا تەقسىم قىلىنغان رىزىق بىلەن بولدى قىل، شۇنداق قىلالىساڭ دىنىڭنى ساقلاپ قالىسەن.

* ﷲقا قىلغان تەۋەككۈلدە راستچىل بولمىغان كىشى ئاچ كۆزلۈكنىڭ دەردىدىن قانداقمۇ قۇتۇلالايدۇ؟

* تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، يولىدىن ئازغانلارنىڭ ھەممىسى يولىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

* ئاچ كۆزنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ.

* ئاچ كۆزنىڭ ئېتىقادى ئاجىز بولىدۇ.

* ئىنساننى ھېچ نەرسە ئاچ كۆزلۈك خار قىلغاندەك خار قىلالمايدۇ، ئابرۇينى ھېچ نەرسە بېخىللىق تۆككەندەك تۆكەلمەيتدۇ .

* كىچىككىنە ئاچ كۆزلۈكمۇ كۆپلىگەن تاماخورلۇققا تۈرتكە بولىدۇ.

* ئاچ كۆز كىشى پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا يوقسۇل.

* سەن الله ساڭا بېرىشكە ۋەدە قىلغان نەرسىگە يەنى رىزقىڭغا ھېرىسمەن بولساڭ، چوقۇم الله ساڭا پەرز قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلەرگىمۇ ھېرىسمەن بولۇشۇڭ كېرەك.

* كۆپلىگەن ئاچ كۆز كىشلەرنىڭ ئۆلۈمگە ئاچ كۆزلۈكى سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

* ئاچ كۆزلىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشىنىڭ بەختسىزلىكى كۆپ بولىدۇ.

* كىمدەكى، ھېرىسمەنلىك بىلەن بېخىللىق بولسا ئۇ كىشىگە پەسكەشلىكنىڭ ئىككى ئاساسى بېرىلگەن بولىدۇ.

## مەھرۇملۇق ھەققىدە

* يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئىلتىپاتىنى ئارزۇ قىلغان كىشى نېمە دەپ ئاۋامغا ئىلتىپات قىلمايدۇ؟

* مەھرۇملۇق ئازابى غايىگە يەتمىگۈچە يېنىكلىمەيدۇ.

## ئىرادە ھەققىدە

* ئىرادە دېگەن بالا - قازاغا سەۋر قىلىپ، پۇرسەت كۈتۈش دېمەكتۇر.

* مۇستەھكەم ئىرادە نەتىجىگە قاراش، ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش دېمەكتۇر.

* بەل باغلاش ئىرادىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئىرادىنىڭ مېۋىسى بولسا غەلىبە.

* پىكىرلەر كۆپ، لېكىن ئىرادە ئاجىز.

* ئىرادە دېگەن ساڭا بېرىلگەن ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ، ساڭا بېرىلمىگەن ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولماسلىقىڭدۇر.

* سىناشتىن ئىلگىرى ئىشىنىش ئىرادىلىك ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

* ئىرادە دېگەن ﷲقا بويسۇنۇش ۋە نەپسى خاھىشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت.

* ئىرادە بىلەن ئەقىل بىر يەرگە كەلسە، بەخت ھەل بولغان بولىدۇ.

* ئىرادىنىڭ تاماملىنىشى قارشى سەپتىكى ئىنسانلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ۋە دۈشمەنلەرگە قارىتا سىياسەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر.

* ئەقلى زەئىپ كىشىنىڭ ئىرادىسى ئاجىز بولىدۇ.

* ئاخىرەتكە يۈزلىنىش، قىيامەتكە تەييار تۇرۇش ئىرادىنىڭ تاكامۇللىشىشىدۇر.

* قولىدا بار نەرسىنى سېخىيلىق بىلەن تارقاتقان ۋە بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمىغان كىشى ئىرادىلىك كىشىدۇر.

* دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ - زىننەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمەستىن ئاخىرەت ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشقان كىشى ئىرادىلىك كىشىدۇر.

* تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كۆلپەتلەردە پىشىپ - يېتىشكەن كىشى، ھەم ئەقىللىق ھەم پۇختا كىشىلەردۇر.

* سەۋرچانلىق ۋە ئىشلارنىڭ نەتىجىسىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش ئۆزىنىڭ شۇئارى ۋە غايىسى بولغان كىشى ئەڭ ئىرادىلىك كىشىدۇر.

* بەزى باللار چوڭلاردىنمۇ ئىرادىلىك.

* قولــدا بــار نەرســنى ســېخىيلىق قىلمايــدىغان ۋە بۇگــۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويغان كىشى ئىرادىلىك كىشى ھېسابلانمايدۇ.

**ھەسەت ھەققىدە**

* ھەسەتخورلۇق ساقايماس بىر كېسەل، بۇ كېسەل ھەســەتخور ياكى ھەسەت قىلىنغان كىشى ئۆلمىگۈچە ساقايمايدۇ.

* ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرگەندەك، ھەسەت ساۋابنى كۆيدۈرىدۇ.

* ھەسەت جاننى قىينايدۇ.

* ھەسەت پەسكەشلەرنىڭ ئادىتى ۋە دۆلەتــمەن كىشــلەرنىڭ دۈشمىنىدۇر.

* ھەسەت ياغقان يەرگە دۈشمەنلىك ئۈنىدۇ.

* ھەســەت، يالغــانچىلىق ۋە ئــۆچمەنلىكتىن ئــۈزاق تــۇرۇڭلار، چۈنكى بۇ ئۈچى دىنغــا ھاقــارەت كەلتۈرىــدىغان ۋە ئىنســاننى ۋەيــران قىلىدىغان ناچار قىلمىشلاردۇر.

* دەردىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى ھەسەتتۇر.

* پەسكەشلىكنىڭ قورالى ھەسەتتۇر.

* تۆمۈر داتلىششىش بىلەن تۈگەشكەندەك، جىســمىمۇ ھەســەت بىلەن تۈگىشىدۇ.

* دوستىغا بېرىلگەن نېمەتكە كۆز قىزارتىش ھىممەتسىزلىكتۇر.

* ھەســەت نېمــىدېگەن ئادىــل، چــۈنكى ئــۇ ھەســەتخورنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

* ھەسەتخور داۋاملىق كېسەل، بېخىل داۋاملىق خار.

* ھەسەتخورنىڭ ئۆزى ساق بولسىمۇ، روھى كېسەل.

* ھەسەتخور تەقدىرگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ.

* ھەسەتخورنىڭ ھەسرىتى كۆپ، گۇناھى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ.

* نېمەتلەر ئوتتىرىغا چىققاندا، ھەسەتخورلار كۆپىيىدۇ.

* ھەسەتخورلارنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلمىگىنىگە ھەيرانمەن.

* ھەسەخورلىقى كۆپ بولغان كىشىنى ھەسرىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ.

* ھەسەتخور بىلەن قارا نىيەتنىڭ ھاياتىدىنمۇ ھەسرەتلىك ھايات بولمىسا كېرەك.

* ھەسەتخورنىڭ سېنىڭ خۇشال بولغىنىڭغا ئاچچىقلىنىشى سەن ئۇچۇن غەلىبە.

* ھەسەتخور ھەسەت قىلغان كىشىگە بېرىلگەن نېمەتتىن مەھرۇم بولۇشنى ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەت دەپ بىلىدۇ.

* شۇنچە ھەسەت قىلىپمۇ، يەنىلا جىسمىلىرى چىرىپ كەتمىگەنلىكى ھەيران قالارلىق ئىش.

* ھەسەتخور ناچار ئىش بولسا خۇشال بولۇپ، خۇشاللىق بولسا قايغۇرىدۇ.

## ياخشىلىق ھەققىدە

* دۇشمەننى ياخشىلىق بىلەن ئۆزىگە قارىتىشمۇ ئىككى غەلىبىنىڭ بىرى.

* ياخشىلىق ئېسىل كىشىلەرنىڭ خىسلىتى، يامانلىق پەسكەشلەرنىڭ تەبىئىتىدۇر.

* ياخشىلىق ئېسىل ئىنسانلارنى قانداق تۇزىسە، پەسكەشلەرنى شۇنچىلىك بۇزىدۇ.

* بەرگىنىڭنى ئۇنۇت ۋەدەڭنى ئۇنتۇما.

* ياخشـــىلىق قىلســـاڭ، تەشـــەككۇرگە ئېرىشىســـەن. ئاللاھتـــىن قورقساڭ، ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسەن. لېكىن كۆپ چاقچاق قىلساڭ، خارلىنىپ قالىسەن.

* ســـەندىن تەلەپ قىلىنمىســـىمۇ ياخشـــىلىق قىـــل، ســـەندىن تەلەپ قىلىنغاننى ئاشۇرۇپ بەر، تېلەمچىنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشـتىن ھەزەر ئەيلە.

* ياخشىلىقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنىشتۇر.

* ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش.

* ياخشـــىلىققا ئەڭ لايـــىق كىشـــى موھتـــاج تۇرۇقلـــۇق تەلەپ قىلمىغان كىشىدۇر.

* ياخشـــىلىقلارنىڭ ئەڭ ئېســـىلى تەلەپ قىلىشـــتىن بـــۇرۇن بېرىلگىنىدۇر.

* سېنى ئۇيلاندۇرىدىغان سۆزلەرنى ساڭا سوۋغا قىلغـان كىشـى ئەڭ ئېسىل ياخشىلىقنى قىلغان كىشىدۇر.

*بەرســەڭ شــۈكۈر قىلىــدىغان، بەرمىســەڭ خاپــا بولمايــدىغان، كېچىكتۈرسەڭ سەۋر قىلىشنى بىلىدىغان كىشى سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا ئەڭ لايىق كىشىدۇر.

* ئاللاھنىــڭ نېمەتلىــرىگە ئەڭ كــۆپ ئېرىشــكەن كىشــى ســېنىڭ ياخشىلىقىڭغا ئەڭ لايىق كىشىدۇر.

* مېلىڭنـــى بېرىشـــىڭگە كۆڭلـــۈڭ ئۇنىمايـــدۇ، لـــېكىن بەرمەي دېسەڭ يېتىنە - پاسات بولىدۇ.

* ياخشىلىقنى كىچىكتۈرۈش مەرد كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن ئەمەس.

* ياخشىلىققا ناچارلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش نانكورلۇقتۇر.

* ياخشىلىق مىننەت قىلىش بىلەن خۇنۈكلىشىدۇ.

* ئەسكىلىك قىلغانغا ياخشىلىق قىلساڭ، دۈشمەنلىنىمۇ دوستقا ئۆزگەرتەلەيسەن.

* باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلغان بولىسەن.

* سىلەر مال توپلاشتىن بەكرەك ئىنسانلارنى ئۆزۈڭلەرنى تارتىشقا موھتاج.

* باشقىلارغا سەدىقە قىلىشتا ئەڭ ناچار ئىش كىچىكتۈرۈشتۇر.

* ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ، رەھىم - شەپقەت قىل.

* ئىنسان ياخشىلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىلىدۇ.

* ياخشىلىق قىلىش ئەڭ ئېسىل ئەخلاق ۋە ئەڭ گۈزەل سۈپەت.

* ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۈمىد كۈتۈشلىرى جازالىشىڭدىن قورقۇشلىرىدىن ياخشىراقتۇر.

* ياخشىلىق قىلىشنىڭ گۈزەللىكى مىننەت قىلماسلىقتا.

* ياخشىلىقتىن تېنۋېلىش مىننەت قىلىشتىنمۇ يامان.

* ياخشىلىقنى تېنۋېلىش ياخشىلىقتىن مەھرۇم قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

* ياخشىلىقنىڭ ئەڭ گۈزىلى كىچىكتۈرۈلمەستىن بېرىلىپ، مىننەت قىلىنمىغىنىدۇر.

* ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى بېرىشتۇر.

* سېخىيلىقنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى ۋاقتىدىن ئىلگىرى بېرىشتۇر.

* ياخشىلىقنى ئۇنتۇغاندىن سورا، لېكىن ئەسلەيدىغانغا بېغىشلا.

* ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىپ، قىيامەت كۈنگە تەييارلىق قىلغان كىشى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر.

* ياخشىلىقلىرىنى ئېسىل ئىنسانلارغا بېغىشلىغان كىشى ئەڭ ئالىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەن كىشىدۇر.

* ياخشىلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەر، چۈنكى ياخشىلىق قىلىش ئەڭ ئوخشىغان زىرائەت ياكى ئەڭ ئېسىل سەرمايە.

* ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىپ، يۈرتنى ئادىل سورىساڭلار، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر.

* پۇلى بىلەن قۇللارنى ئازات قىلغان تۇرۇقلۇق، ھۆر ئىنسانلارنى ياخشى مۇئامىلىسى بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالمىغانلاردىن ھەيرانمەن.

* ھەر نەرسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار، مەرد كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ياخشى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتۇر.

* ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئېسىل يولى ياخشىلىق قىلىشتۇر.

* ياخشىلىقنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەن بولساڭلار، ئۇنى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەيۋەتلىك ۋە قامەتلىك بىر ئىنسان شەكلىدە كۆرگەن بولاتتىڭلار.

* ياخشىلىق قىلغان كىشى چوقۇم ياخشى ئاتاققا ئېرىشىدۇ.

* داۋاملىق قىلىۋاتقان ياخشىلىقىنى توختىتىپ قويغان كىشىنى الله بېرىۋاتقان نېمەتلىرىنى كېمەيتىش ئارقىلىق جازالايدۇ.

* رىزىق الله تەرەپتىن تەقسىم قىلىنغان، ئېرىشكىلى بولمىغان رىزىققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

* ياخشىلىقنى يوشۇرۇپ قالغان كىشى اللهنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىش بىلەن جازالىنىدۇ.

* ياخشىلىق قىلىشتىن باش تارتقان كىشىنىڭ قولىدىكى ياخشىلىق قىلىش ئىمكانىيەتلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ.

* ھۆر كىشىگە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىۋالغان كىشى كۆپلىگەن ساۋابقا ئېرىشكەن بولىدۇ.

* ياخشىلىقلىرى كۆپ بولغان كىشىنى قېرىنداشلىرى ياخشى كۆرىدۇ.

* ياخشىلىق قىلىشتا كامالەتكە يەتمەكچى بولغان كىشى تەلەپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى بەرمەكچى بولغانلىرىنى بېرىدۇ.

* ياخشىلىقنى ئىنكار قىلىپ نانكورلۇق قىلغان كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قېلىشقا لايىق بولغان بولىدۇ.

* تەلەپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ياخشىلىق قىلغان كىشى ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، سېخىي كىشىدۇر.

* ھەققىنى بەرمىگەن كىشىنىڭ ھەققىنى ئاشۇرۇپ بەرگەن كىشى ئۇ كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ.

* ياخشىلىققا تەشەككۇر ئېيتمىغان كىشىگە ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولۇش ئۆزۈنىغا بارمايدۇ.

* ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەڭ ياخشى بىر شەكىلدە تاماملىغاندىن كېيىن مىننەت قىلمىغان كىشى ياخشىلىقنى پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرگەن كىشىدۇر.

* ياخشىلىقلارنى زايا قىلىۋېتىش زور مۇسىبەتلەردىندۇر.

* ياخشىلىقنىڭ ئاساسى قىلىنغان ياخشىلىقنى مىننەت قىلماسلىقتا.

* قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم يوللىرىدىن بىرى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشۇر.

* ياخشىلىقنى ھەرقانچە كۆپ قىلساڭمۇ، يەنىلا داۋاملاشتۇر چۈنكى ياخشىلىقىڭنىڭ ساۋابى قىلغىنىڭدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

* ياخشىلىقىڭنى تونىمايدىغانلارغا ياخشىلىق قىلىپ ئاۋارە بولما.

* ياخشىلىقنىڭ ئاز بولغىنى بولمىغىنىدىن ياخشىراق.

* قېرىندىشىڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭ بەرگەن ئەزىيىتىڭدىن كۆپ بولسۇن.

* ئازراق بولسىمۇ بەرگىنىڭ ئۇزرە ئېيتىپ قۇتۇلغىنىڭدىن ياخشىراقتۇر.

* پەزىلەتلىك كىشىلەر ئاز قالغانسېرى، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانلار تۈگەپ كېتىدۇ.

* قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، يامانلىق قىلغۇچىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزۈڭگە مايىل قىل.

* ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلارنى يوشۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىڭلار، چۈنكى ياخشىلىق مىننەت قىلىش بىلەن ۋەيران بولىدۇ.

* ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىش.

* ئىنسان باشقىلارنىڭ خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشمەستىن ئۆلارغا رام بولمايدۇ.

* ياخشى مۇئامىلە قىلالمىغان كىشى يامان مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.

* ئېسىل كىشىلەرنى ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە ئۆزىگە رام قىلالمايدۇ.

* ئېسىل كىشىنىڭ ياخشىلىقىدىن، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىلمىي سۆھبىتىدىنمۇ ئارتۇق بايلىق يوقتۇر.

* ياخشىلىقنى تونۇماسلىق مەھرۇملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* ياخشىلىق قىلىشنى بىلمىگەن كىشى ياخشىلىققا تەشەككۈر ئېيتىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

* پۇل - مالنى ياخشىلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغان كىشىگە پۈتۈن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى باغلىنىدۇ.

* ياخشىلىق قىلغۇچى تەلەپ قىلغۇچىغا موھتاج.

* ساخاۋەتچى دېگەن پۈتۈن ئىنسانلارنى ياخشىلىقلىرى بىلەن كۆمۈۋەتكەن كىشىدۇر.

* ياخشىلىق قىلغۇچى اللەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، ئەكسىچە يامانلىق قىلغۇچى بولسا، داۋاملىق خار - زار بولۇپ ياشايدۇ.

* ياخشىلىق قىلغۇچى قەبرىسىدىمۇ ھايات.

* ياخشىلىق قىلغۇچى خاتالاشمايدۇ، خاتالىشىپ قالغىنىدا بولسا خاتاسىنى تۈزىتىشكە شارائىت ھازىر بولىدۇ.

## ئۆچمەنلىك ھەققىدە

* قارا نىيەتلىك غەلىبىدىن باشقا نەرسە بىلەن ئۆچمەيدىغان بىر ئوت.

* يۈرەكلەرگە ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا بولۇشىدىن، كۆڭۈللەرنىڭ نەپرەتلىنىشىدىن، ئالاقىنىڭ ناچارلىنىشىدىن، بىر - بىرىڭلارنى ياردەمسىز قويۇشتىن ئۈزاق بولساڭلار، ئىشىڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

* قارا نىيەتلىك پەسكەشلىكنىڭ قورالىدۇر.

* قارا نىيەتلىك يۈرەكتىكى ئۆسمىدۇر.

* قارا نىيەتلىك ھەسەتخورلىقتىندۇر.

* قىيىن كۈنلەردە قارا نىيەتلىك يوقاپ كېتىدۇ.

* ئاداۋەت ساقلايدىغان كىشىگە كايىيدىغانلار ئاز بولىدۇ.

* ئاداۋەت تېرىغان ئادەم كۈلپەتنى ھوسۇل ئالىدۇ.

* ئاداۋەت ساقلايدىغان كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم، غەم - قايغۇسى كۆپ بولىدۇ.

## ھەقىقەت ھەققىدە

* ھەقىقەت ئۆتكۈر قىلىچتۇر.

* ھەقىقەتنى كۆرۈپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەن، زۇلۇمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ۋە ھەقىقەت ئىگىلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* ھەقنى ئەھيا قىلىپ، باتىلنى يوقاتقان، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئادالەتنى بەرپا قىلغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* ھەقىقەتكە باش ئېگىپ، ھەقىقەت ئىگىلىرىگە بويسۇنۇش ھېكمەلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر.

* رىيازەت چەكسەڭمۇ، ھەقىقەتكە قايتىشىڭ، خاتالىق ئۈستىدە راھەت - پاراغەت بىلەن ياشىغىنىڭدىن ئەۋزەل.

* ئاز ئوت كۆپلىگەن ئوتۇنلارنى كۆيدۈرگەندەك، ئازغىنە ھەقىقەت كۆپلىگەن خاتالىقلارنى يوقىتالايدۇ.

* ھەقنى سۆزلىسەڭلار ئۆتۈۈقا ئېرىشىسىلەر، خاتا گەپتىن ساقلانساڭلار گۇناھتىن قۇتۇلىسىلەر.

* ھەقىقەتكە قارشى چىققان كىشى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ.

* ھەقىقەت قۇتۇلدۇرالمىغان كىشىنى خاتالىق ھالاك قىلىدۇ.

* ھەقىقەتنى ئارقان قىلغان كىشىنى ئىنسانلار رەھبەر قىلىپ تاللايدۇ.

* ھەقىقەتنى غايە قىلىپ تاللىغان كىشىگە قىيىنچىلىقلار ئاسانلىشىپ، يىراق ئىشلار يېقىنلىشىدۇ.

* ھەقىقەتكە سەل قاراپ، ھەقىقەتنى ياردەمسىز قويغان كىشىنى باتىل ھالاك قىلىدۇ.

* ھەقىقەتكە قارشى چىققان كىشىنى ھەقىقەت ھالاك قىلىدۇ، باتىلغا ھەمدەم بولغان كىشىنى باتىل خار قىلىدۇ.

* كىشىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى يۈرگۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك.

* ھەققىنى ئالغان كىشى ئەيىبلەنمەيدۇ، ھەققىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلغان كىشى ئەيىبلىنىدۇ.

* ھەقىقەت ئاز بولسىمۇ، كۆپلىگەن باتىلنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ.

* كۆڭلۈڭ تارتمىسىمۇ ھەق ئۈستىدە تۇرغىن، باقىينى پانىي دۇنياغا ساتما.

* ھەقتە مەھكەم تۇرۇڭلار، نىجاتلىقتا ئېرىشىسىلەر.

* ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ھەقىقەت بويىچە ھۆكۈم قىلغىنىدۇر. الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندە راست گەپ قىلىدىغان بەندىدۇر.

## مونوپول ھەققىدە

* مونوپول قىلىش بىلەن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىش پەسكەشلەرنىڭ ئەخلاقلىرىدىندۇر.

* ھەر نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىپ تۇر، لېكىن مونوپول قىلغۇچىلاردىن بولما.

* مونوپول قىلىش رەزىل ئىنسانلارنىڭ خۇيىدۇر.

## ھېكمەت ھەققىدە

* ھېكمەت ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ باغچىسى ۋە زېرەكلەرنىڭ سەيلىگاھىدۇر.

* ھېكمەت مۇناپىقنىڭ قەلبىگە ھەرگىزمۇ ئورۇنلاشمايدۇ.

* ھېكمەت مۆئمىن كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر، ئۇنى سىلەر، مۇناپىقنىڭ ئېغىزىدىن بولسىمۇ ئېلىڭلار.

* ھېكمەت يۈرەكتە كۆكلەپ، تىلدا مېۋە بېرىدىغان بىر دەرەختۇر.

* ئەگ ئېسىل ھېكمەت ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ قەدرىگە يېتىشى ۋە مەغرۇرلانماسلىقىدۇر.

* بىلىمنىڭ پەردىسى ھېكمەت بىلەنلا ئېچىلىدۇ.

* ھېكمەت دېگەن پانىي ئالەمدىن يۈز ئۆرۈپ، باقىي ئالەمگە يۈزلىنىش دېمەكتۇر.

* تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىنىڭ ھېكمەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ، ئەكسىچە ئېسىل نەسەبلىك كىشىنىڭ نادانلىقىنى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

* ھېكمەت نەدە بولسا ئېلىڭلار، چۈنكى ھېكمەت مۇئمىننىڭ يۈتۈرۈۋەتكەن قىممەتلىك بايلىقىغا ئوخشايدۇ.

* ھېكمەتلىك كىشىنىڭ قىممەتلىك نەرسىسى ھېكمەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېكمەتنى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر داۋاملىق ئىزدەيدۇ.

* ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ئىنساننى زېرىكتۈرىدۇ.

* ھېكمەت كۆچلەنگەندە شەھۋەت ئاجىزلايدۇ.

* ھېكمەتنىڭ مېۋىسى ئېسىل سۆزلەرنى ئىشلىتىش ۋە مۇلايىملىقتۇر.

* ھېكمەت شەھۋەت يەر ئالغان قەلبكە كىرەلمەيدۇ.

* ھەكىم سوئال سورىغۇچىنىڭ سوئالىغا قانائەت قىلارلىق جاۋاب بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئارتۇقچە مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

* رەھىمسىز كىشىگە دەرد تۆككەن كىشى ھېكىم ھېسابلانمايدۇ.

* ھېكمىنىڭ سۆزى توغرا بولسا، داۋا بولىدۇ، خاتا بولسا تېخىمۇ كېسەل قىلىدۇ.

## ھۆكۈمەت ھەققىدە

* ئىتائەت پۇقرانىڭ قالقىنى، ئادالەت بولسا دۆلەتنىڭ.

* ئىنسان مەنسەپكە ئېرىشكەندە قانچىلىك ئەسكىلىك قىلغان بولسا، مەنسەپتىن ئايرىلغاندا شۇنچىلىك خار بولىدۇ.

* ساڭا يۈكلەنگەن خىزمەتتە ئادىل بول، شۇنىڭدەك اللەنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە داۋاملىق شۈكۈر قىل.

* ئەمەل تۇتقاندا چوڭچىلىق قىلساڭ ئەمەلدىن ئايرىلغاندا خارلىقتا قالىسەن.

* ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى كەڭ قورساقلىقتۇر.

* پەس كىشىلەر شاھ بولسا، ئېسىل كىشىلەر ۋەيران بولىدۇ.

* پەسكەشلەر باشقا چىقسا ئارزۇ - ئارمانلار كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

* نامەردلەر باش بولغاندا مەرد كىشىلەر خارلىقتا قالىدۇ.

* شاھ بولغاندا چوڭچىلىق قىلساڭ تەختتىن چۈشكەندە خارلىنىسەن.

* دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ئادالەت يوللىرىنى بەرپا قىلىشتا.

* شاھنىڭ پەزىلتى دانا سىياسەت يۈرگۈزۈشتە.

* پەسكەشلەرنىڭ قولىدا قىلىشتىن ئەمرىسىز قېلىش ئەۋزەل.

* دۆلەتلەرگە ئادالەتتىنمۇ مەھكەم قورغان تېپىلمايدۇ.

* شاھنىڭ خەلققە زۇلۇم سېلىشى دۈشمەنلىرىگە ياردەم بېرىشىدۇر.

* يالماۋۇز زالىم، خائىن ھۆكۈمراندىن ياخشىراق.

* دۆلىتىنىــى زۇلــۇم بىــلەن باشــقۇرغان كىشــىنىڭ ھــاكىمىيىتى قولىدىن كېتىدۇ.

* ھۆكۈمرانلىــق قىلغــان ۋاقىتتــا چوڭچىلىــق قىلغــان كىشــىنىڭ تەختتىن ئايرىلغاندا خــارۇ - زارلىقــى ۋە ھەســرەت - نــادامىتى كــۆپ بولىدۇ.

* ئۆزىگە تالىلىغانىنى خەلقىگە تاللاش ھۆكۈمرانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

* زالىم پادىشاھ تۆگىمەس پىتنە - پاساتتىن ياخشىراق.

## قەسەم ھەققىدە

* ئىنســان تــۆت ســەۋەب تــۈپەيلى كــۆپ قەســەم قىلىــدۇ: ئــۆز شەخسىيىتىدە ئۆزى بىلىدىغان بىــر چۈشــكۈنلۈك، يــاكى باشــقىلارنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ياكى سۆزىدىكى بىرەر ئــاجىزلىق ۋە ياكى تونۇلۇپ قالغان بىرەر تۆھمەت.

* قەسەمگە ئادەتلەنمە، چۈنكى قەســەمخور گۇنــاھتىن خــالىي بولالمايدۇ.

## مۇلايىملىق ھەققىدە

* مۇلايىم كىشىنىڭ مۇلايىملىقىنىڭ تۇنجى نەتىجىســى: پۈتــۈن خالايىق ئۇنىڭ دۈشمىنىگە قارشى بىر سەپتە بولىشىدۇر.

* مۇلايىملىقىنىڭ جاپــا - مۇشــەققەتلىرىگە چىــدىيالىغان كىشــى ھەقىقىي مۇلايىم كىشىدۇر.

* ئەزىيەت يەتكەندە سەۋر قىلىشنى، تەكىسزلىككە ئۇچرىغانــدا ئەپۇ قىلىشــنى بىلــگەن كىشــى ھەقىقــي مــۇلايىم، تەمكىــن كىشــى ھېسابلىنىدۇ.

* ئاچچىقلانغاندا تەمكىن بول، قورققۇنۇڭدا سەۋرچان بول، بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندا مۇلايىم بول.

* قوپاللىقى بىلەن سىنى ئاچچىقلاندۇرغان كىشىنى، مۇلايىملىق بىلەن ئاچچىقلاندۇر.

* مۇلايىملىق، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ساڭا قارشى چىققان كىشى سېنى چوقۇم يېڭىپ، سەندىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

* تەمكىنلىك غەزەپ ئوتىنى ئۆچىرىدۇ، قىزىق قانلىق بولسا غەزەپ ئوتىنى ئۇلغايتىدۇ.

* يېنىكلىكىڭنى تەمكىنلىك بىلەن مەغلۇپ قىل، گۇمانىنى ئەمەلىيەتنى چۈشۈنۈش ئارقىلىق مەغلۇپ قىل.

* سالماقلىق بىلەن غەزىپىنى باشقۇرالىغان كىشى ئەڭ باتۇر كىشىدۇر.

* تەمكىن ۋە مۇلايىملىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى: غەزەپنى يۇتۇپ، كۈچى يەتكەن ھالەتتىمۇ ئەپۇ قىلىشتۇر.

* ئېغىر بېسىقلىق ئىلىمنىڭ زىننىتى بولغاندەك تىنچلىقنىڭمۇ ئامىلىدۇر.

* قەھر غەلىبە بولسا ئېغىر سالماقلىقتا ساۋاب بار.

* تەمكىنلىك زىيان كەلتۈرگەن يەردە، ئەپۇچانلىق ئاجىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

* مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىك ئارقىلىق سېنىڭ سەپداشلىرىڭ كۆپىيىدۇ.

* سالماقلىق كۆلپەتلىرگە چىدىساڭ، غەزەپ ئوتىنى ئۆچىرەلەيسەن.

* مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىك دەردىگە چىدىغىن چۈنكى ئۇ ھېكمەتنىڭ نىگىزى ۋە ئىلىمنىڭ مېۋىسىدۇر.

* سالماقلىق ئىلىمنىڭ كۆپلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* تەمكىن ۋە مۇلايىم بول چۈنكى ئېغىر بېسىقلىق ۋە مۇلايىملىق ئىلىمنىڭ نەتىجىسىدۇر.

* مۇلايىم ۋە تەمكىن كىشىلەرنى غەزەپلەنگەندە سىنا.

* ئاچچىق كەلگەندە ئىنتىقام ئالغىنىڭدىن، ئېغىر بېسىق بولغىنىڭ ياخشى.

* مۇلايىملىق ئىلىمنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەزىرىدۇر.

* ئىنساننىڭ سەۋرچانلىقى بىلەن ئۇنىڭ سالماقلىقى ئۆلچىلىدۇ، خەير - ساخاۋىتىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئېسىللىكى ئۆلچىلىدۇ.

## ئەخمەقلىق ھەققىدە

* ياخشى ئىشلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە نادان بىلەن دوست بولۇش ئەخمەقلىقتۇر.

* يوقسۇل تۇرۇقلۇق كۆرەڭلەش ئەڭ كاتتا ئەخمەقلىقتۇر.

* ئەخمەقلىق نادانلىقنىڭ مېۋىسىدۇر.

* ئەخمەق ئۆز يۇرتىدىمۇ غېرىپ بولۇپ قالىدۇ.

* يوقسۇللۇقتا چوڭچىلىق قىلىش ئەخمەقلىقنىڭ كامالەت تېپىشىدىندۇر.

* ناچار كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىقتۇر.

* ئەخمەق ئۆز يۇرتىدا غېرىپ، يارەنلىرى ئارىسىدىمۇ خاردۇر.

* ئەخمەق خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، شۇنىڭدەك، نۇقسان ۋە زىياندىن ئايرىلالمايدۇ.

* ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق دەپ ئويلىغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئەخمەق ئادەمدۇر.

* ئەخمەقتىن يىراقلىشىش يېقىنلىشىشتىن ياخشى، گەپ قىلىشتىن گەپ قىلماسلىقى ياخشىدۇر.

* كىشىنىڭ ئەخمەقلىقلىقى ئۈچ ئىش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ: مۇناسىۋەتسىز سورۇنلاردا مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلىشى، سورالمىغان سوئالغا جاۋاب بېرىشى ۋە قىلغان ئىشلىرىدا قارامىلىق قىلىشىدۇر.

* ئەخمەق بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندا، پاسىق كىشى بىلەن بىرلىكتە ياشاپ قالغاندا ۋە زالىم بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئېھتىياتچان بول.

* ئەخمەق بىلەن دوست بولما، چۈنكى ئۇ ساڭا پايدا يەتكۈزۈش نىيىتى بىلەن زىيان سالىدۇ، سېنى خۇشال قىلىش مەقسىتى بىلەن خاپا قىلىپ قويىدۇ.

## سەۋر ھەققىدە

* سەۋر ئەقىلنىڭ ئىسپاتى بولغىنىدەك، پەزىلەتنىڭ بەلگىسىدۇر.

* سەۋر سىياسەتنىڭ زىننىتى.

* سەۋر بىلەن پەزىلەتلەر كۆپىيىدۇ.

* سەۋرچان ئادەم سەۋرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن تونۇلىدۇ.

* ئىنسانلارنىڭ ئەزىيەتكە چىدىمىغان كىشى ئۆزىنىڭ تالانتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

* بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بەر، چۈنكى سەۋر ئەيىبلىرىڭنى ياپىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەقىللىق كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ يېرىمى سەۋر بولسا، يېرىمى بىلمەسلىككە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ھاجەت ھەققىدە

* ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى كىچىكتۈرمە، چۈنكى ئەتە ئۆزۈڭگە ۋە ياردەم قىلماقچى بولغان ئادەمگە نېمىلەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن.

* نائەھلىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغىنىڭدىن ھاجىتىڭنىڭ راۋا بولمىغىنى ياخشى.

* ئىنسانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچ ئىش بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ: بۈيۈك بولۇشى ئۈچۈن كىچىك كۆرسىتىش، ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن يوشۇرۇش، خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھاجىتىنى ۋاقتىدا راۋا قىلىشتۇر.

## ھايا ھەققىدە

* ﷲتىن ھايا قىلىپ ﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش، چەكلىگىنىدىن يىراق بولۇش ﷲنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش دېمەكتۇر.

* ئەڭ ياخشى ھايا ئۆزۈڭدىن ئۇيىلىشىڭدىن ئىبارەت.

* ھايا مەردلىكنىڭ كامالىتىدۇر ۋە ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر.

* ھايا يامان ئىش قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ.

* شەرمى - ھايا لىباسى بىلەن ئوران، ۋاپادارلىق تاجى بىلەن زىننەتلەن، دوستلۇقنى جېنىڭ بىلەن قوغدا، ئايال كىشى بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشتىن ساقلان، شۇندا شان - شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.

* ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ھايا قىلىشى ئىماننىڭ مېۋىسىدۇر.

* ھايانىڭ زىيادە بولۇشى ئىماننىڭ ئىسپاتىدۇر.

* ھاياسى ئاز كىشىنىڭ تەقۋادارلىقى ئازلاپ كېتىدۇ.

* شەرمى - ھايا لىباسى بىلەن ئورانغان كىشىنىڭ ئەيىبلىرى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىن يىراق بولىدۇ.

* ئاشكارا قىلىشتىن ئەيمىنىدىغان ئىشنى يوشۇرۇن قىلما.

* ئىماننىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى ھايادۇر.

# 6- باب

## ئىخلاس ھەققىدە

* ئىخلاس ئىنتايىن مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە قارىماستىن، ئاقىۋىتىگە قاراش كېرەك.

* ئىخلاس ئىبادەتنىڭ ئاساسىدۇر.

* ھەقىقىي ئىخلاس قىلغان كىشىنىڭ ساۋابى كاتتا بولىدۇ ۋە اللهقا بەك يېقىن بولىدۇ.

* ئىلىم - ئەمەلدە، مۇھەببەت – نەپرەتتە، ئېلىپ – بېرىشتە ۋە سۆزدە اللهقا ئىخلاس قىلغان كىشى نىجات تاپقان كىشىدۇر.

* ئىخلاس ۋە ئېتىقاتتا چىڭ تۇرۇڭلار چۈنكى بۇ ئىككى ئىش اللهقا ئەڭ يېقىن بەندىنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

* نەپسى خاھىشقا بېرىلىپ كەتكەن كىشىدە قانداقمۇ ئىخلاس بولسۇن؟

* ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىشتىن ياخشىراق ئەمەل بولمىسا كېرەك.

## ئەخلاق توغرىسىدا

* ئەڭ ئېسىل ئەخلاق ئالىي ھىممەتتۇر.

* ئېسىل ئەخلاق ئەڭ ئېسىل نەسەبتۇر.

* ئېسىل كىشىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەخلاقى بىلىپ تۇرغىنىنىمۇ بىلمىسلىككە سېلىشتۇر.

* سېنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندىگەن ئەخلاق ئەڭ ئېسىل ئەخلاقتۇر.

* گۈزەل ئەخلاق ئەقلىنىڭ مېۋىلىرىدىندۇر.

* ئەخلاقى بەد كىشىنىڭ ئۆلگىنى ياخشى.

* ئەخلاقىڭ ئېسىل بولسا، سۆزلىرىڭ سىلىق بولىدۇ.

* ئېسىل ئەخلاق رىزىققا سەۋەب بولىدۇ.

* سەمىمىيلىككە ئادەتلىنىش، كاززاپلىقتىن يىراق تۇرۇش، ئەڭ ئېسىل ئەخلاق ۋە ئەڭ گۈزەل خىسلەتتۇر.

* ئېسىل خۇلقنى تاللا، چۈنكى ياخشى ئىش ئادەتلىنىش بىلەن بولىدۇ.

* ئېسىل ئەخلاق ئەڭ ياخشى ھەمراھ، مەغرۇرلىنىش بولسا ئەڭ ناچار كېسەللىكتۇر.

* ئېسىل ئەخلاق ئېسىل نەسەبنىڭ ئىسپاتىدۇر.

* ئېسىل ئەخلاق رىزىققا سەۋەب بولۇش بىلەن بىرلىكتە دوستلارنىڭ سىردىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

* ئېسىل ئەخلاق مۇھەببەتكە ۋەسىلە بولىدۇ، شۇنىڭدەك دوستلۇقنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.

*سەمىمىيلىك ۋە ئالىيجانابلىق ئېسىل ئەخلاق قاتارىدىندۇر.

* پەزىلەت ۋە سەمىمىيلىك ئىمانىنىڭ ئاساسلىرىدىندۇر.

* ئەخلاقى ياخشى كىشىنىڭ رىزقى كەڭرى بولىدۇ.

* ئەخلاقى گۈزەل بولغان كىشىنىڭ ئۈلپەتداشلىقى ياخشى بولىدۇ.

* ئەخلاقى ئېسىل بولغان كىشىنىڭ ئىشلىرى ئاسان بولىدۇ.

* ئەخلاقى ئېسىل بولغان كىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلار كۆپ بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئۇنىڭ بىلەن سىرداش بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

* ئەخلاقنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى مۇئامىلە ئاشكارىلايدۇ.

* ئىنساننىڭ ئەخلاقى ئالتە نەرسە بىلەن سىنىلىدۇ: خۇشال بولۇش، ئاچچىقلىنىش، خاتىرجەملىك، ئەنسىزلىك، سېخىيلىق ۋە بېخىللىق.

* ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى رىزىقنىڭ مەنبىئىدۇر.

* خۇينى ئۆزگەرتىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.

* بەد ئەخلاق كىشىنىڭ ئىشلىرى ھېچكىمگە تېتىمايدۇ.

* بىردە ناچار ئەخلاق كۆرسەڭ، سەندىمۇ تېپىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلە.

* مۇناپىقلىق بىلەن بېخىللىقتىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى بۇ ئىككىسى ئەڭ ناچار ئەخلاقلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

* ئىككى نەرسە مۇئمىننىڭ قەلبىگە يەرلەشمەيدۇ: ئەخلاقسىزلىق ۋە بېخىللىق.

* ئەخلاقسىزلىق شۇملۇقتۇر، ۋاپاغا جاپا نامەردلىكتۇر.

* ئەخلاقسىزلىق دوستلارنى يىراقلاشتۇرۇپ، ناتونۇشنى نەپرەتلەندۈرىدۇ.

* ئەخلاقسىزلىق، بەختسىزلىك ۋە ئازابنىڭ يىلتىزى.

* ئەخلاقسىزلىق روھىيەتنى يېتىملىككە باشلايدۇ ۋە سىرداشلىقنى ۋەيران قىلىدۇ.

* مۇناپىقلىق ۋە كاززاپلىق ئەڭ رەزىل قىلمىشتۇر.

* ئەخلاقسىزلىقتىن باشقا ھەرقانداق كېسەلگە دورا تېپىلىدۇ.

* ئەخلاقى ناچار كىشى روھى جەھەتتىن بەكلا ئازابلىنىدۇ.

* ئەخلاقى ناچار كىشىدىن ئائىلىسىمۇ بىزار.

* مەغرۇرلۇقتىن، يۇرتۋازلىقتىن ۋە جاھىللىقتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار.

* بەد ئەخلاق نادانلىقنىڭ مېۋىلىرىدىندۇر.

* تەمكىنلىك ۋە مۇلايىملىق بولمىغان ئىشتا خەيرىيەت بولماس.

* ئەخلاقسىز كىشى كۆپ خاتالىشىدۇ ۋە ھاياتى مەنىسىز ئۆتىدۇ.

* ئەخلاقسىزنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ.

## خەۋپ ھەققىدە

* اللەتىن قورقۇش ئىنساننى گۇناھلاردىن ساقلايدۇ، شۇنىڭدەك، ئىنساننى خاتالىقلاردىن چەكلەيدۇ.

* اللەتىن قورقساڭ باشقىلار سەندىن ئەيمىنىدۇ، ھەزىلگە بېرىلسەڭ، قەدىر - قىممىتىڭ چۈشىدۇ.

* اللەتىن قورقساڭ ساڭا مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك بار، قورقمىساڭ ئازاب بار.

* اللەنىڭ كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى داۋاملىق ئەسلەپ، گۇناھتىن قورققانلار مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

* اللەتىن قورقۇپ، قۇرۇق ئارزۇ - خىياللارغا بېرىلمەي، خاتالىقتىن يىراق تۇرغان كىشىلەر غەلىبىگە ئېرىشىدىغان كىشىلەردۇر.

* ﷲنــى تونۇغــان كىشــىنىڭ ﷲتــىن ئەيمىنىشــى قانــداقمۇ مۇستەھكەم بولمىسۇن؟

* ﷲتىن ئەيمەنگەن كىشىنىڭ سەۋەنلىكى ئاز بولىدۇ.

* ﷲتىن ئەيمەنگەن ئۆزىگە ۋە ئـۆزگىگە قىلىـدىغان زۇلۇمـدىن قول ئۈزىدۇ،

* ﷲتىن ئەيمەنمىگەن ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكى بولماس.

* ﷲتىن ئەيمەنگەن مەنزىلگە يېتەر.

* بىر ئىشتىن قورقساڭ، ئـۇ ئىشـنى قىلىـپ بـاق. چـۈنكى ئـۇ ئىشتىن ساقلىنىش ئۇ ئىشنى قىلىپ بېقىشتىن قىيىنراق.

## ياخشىلىق ھەققىدە

* ياخشىلىقنىڭ ئاساسى ئۈچ: خەير - ساخاۋەت، ئامانەتدارلىق، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مۇئامىلىدە ياخشى بولۇش.

* ياخشىلىقنىڭ نېگىزى ئاخىرەتلىككە ئىشلەش ۋە پانى دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىكتۇر.

* ناچار ئىنسانلارنى گۈزەل خۇلقىڭ بىلەن ئىسلاھ قىل، گـۈزەل سۆزلىرىڭ بىلەن ياخشىلىقلارغا چاقىر.

* ئەمەللىرىڭدىن خۇشال بول، قىلالمىغانلىرىڭدىن ئۆكۈن.

* ئەمەلنىڭ ئاچقۇچى قىلغـان ئىشـلاردا مەسـلىھەت سـېلىش، نەسىھەت قىلغان كىشىنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىش.

* ياخشىلىق لىباسى بىلەن زىنىنەتلەنگەن كىشى يامانلىقلاردىن يۈتۈنلەي يىراق بولىدۇ.

* ياخشىلىق تېرىغان كىشى ساۋاب ئالىدۇ.

* ياخشىلىقنى يامانلىقتىن ئايرىيالمىغان كىشىنىڭ ھايۋاندىن پەرقى يوق.

* ياخشىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلەلمىگەن كىشى ياخشى ئىشلارنى قىلالمايدۇ.

* سېنى ياخشىلىققا يەتكۈزگەن نەرسە ھېچبىر زامان يامان بولماس.

* ياخشىلىق قىلدىم دەپ ماختانما ۋە رىيا قىلما، ھايا قىلدىم دەپ ياخشى ئىش قىلىشتىن قۇرۇق قالما.

* قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭنىڭ ساۋابىنى كېمىيىپ قالمايدۇ، يامانلىقىڭنىڭ جازاسىمۇ.

* ياخشىلىقنى نىيەت قىلىش يامان ئىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* ياخشىلىق كۆچىتىنى تىككەن كىشى چوقۇم ئەڭ تەملىك مېۋىگە ئېرىشىدۇ.

* بەخت پۇل - مالنىڭ، بالا - چاقىنىڭ كۆپىيىشىدە ئەمەس بەلكى ئىلىمنىڭ كۆپىيىپ، مۇلايىملىقنىڭ ئۇمۇملىشىشىدا.

* ياخشى ئىش قىلىش مەڭگۈلۈك دەسمايە ۋە لەززەتلىك مېۋىدۇر.

* يامان ئىشقا باش بولغاندىن، ياخشى ئىشتا ئەگەشكۈچى بولغان ياخشى.

## تاللاش ھەققىدە

* خاتا ئىش تاللىغان ئادەم يامان ئاقىۋەتكە يولۇقىدۇ.

* تەڭتۇشلەرنى مەغلۇپ قىلىشقا تىرىشىش ۋە مەرد كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىش خاتا تاللاشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

* ياخشــى كىشــىلەر بىــلەن ھەمســۆھبەت بولــۇش ئەڭ تــوغرا تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

* تەكتۇشــلەرنى خىجــىل قىلىــش، دۈشــمەنگە ســىر بېــرىش، قولىدىن يامانلىقتىن باشقا نەرسە كەلمەيدىغانلار بىلەن دوست بولۇش خاتا تاللاشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

* نازۇ - نېمەتلەرنــى باشــقىلارغا ئۆتۈنــۈپ بېرىشــتەك ئېســىل خىسلەت بىلەن سۈپەتلىنىش ئەڭ توغرا تاللاشتۇر.

* ياخشى كىشىلەر بىــلەن دوســت بولــۇپ يامــان كىشــىلەردىن ئۇزاق تۇرۇش توغرا تاللىغانلىقتۇر.

## خىيانەت ھەققىدە

* خىيانەتكارنىڭ ئەسكىسى دوستقا خىيانەت قىلىــش، قىلغــان ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق.

* خىيانەت قىلغان كىشى ئامانەتنى چوقۇم زايا قىلغان كىشىدۇر.

* ســاڭا ئامــانەت بەرگەن كىشــى ســاڭا خىيــانەت قىلغــان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلما، دۈشــمىنىڭگە يولســىزلىق قىلما، گەرچە ئۇ ساڭا يولسىزلىق قىلغان بولسىمۇ.

* خىيانەتتىن ئۇزاق تــۇر، چــۈنكى خىيــانەت ئەڭ كاتتــا گۇنــاھ، خائىن چوقۇم جەھەننەمدە ئازابلىنىدۇ.

* خىيانەت دىيانەتسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

* خىيانەت تارقالسا، بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

* يامانلىقتىن باشقا ئىشنى بىلمەيــدىغان كىشــىلەرنى ھەرگــىز قارشى ئالماسلىق كېرەك.

* مۇناپىق ئۆزىنىڭ ئىشىنى تاشلاپ باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇگۈنى تۈنۈگۈنىدىن ناچار بولىدۇ.

## 7- باب

## تەدبىر ھەققىدە

* ئىسراپ بىلەن ئىشلىتىلگەن كۆپ نەرسىدىن تېجەشچانلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن ئاز نەرسە بەرىكەتلىكتۇر.

* تەدبىرىڭنىڭ پۇختىلىقى ئەقلىڭنىڭ موللىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

* تەدبىر نەزىرىيە بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، نەزىرىيە بولسا ئىزدىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

* ئىسراپخورلۇقتىن يىراق تۇرۇش ياخشى تەدبىرنىڭ نامايەندىسىدۇر.

* ياخشى تەدبىر ئاز مال - دۇنيانى زىيادە قىلىدۇ، ئەكسىچە تەدبىرسىزلىك بولسا كۆپ مال - دۇنيانىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

* تەدبىرسىز كىشى قىسقا زاماندا ۋەيران بولىدۇ.

* تەدبىردە كېچىككەن كىشىنىڭ ۋەيرانلىقى يېقىنلىشىدۇ.

* تەدبىرسىز كىشىنىڭ تەقدىرى نابۇت بولىدۇ.

## مەغلۇبىيەت ھەققىدە

* رەزىل ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە بولۇش مەغلۇبىيەتنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر.

* مەغلۇبىيەتنىڭ تۆت بەلگىسى بار: تەدبىرسىزلىك، ئىسراپخورلۇق، بىپەرۋالىق ۋە مەغرۇرلۇق.

## خاتالىق ھەققىدە

* ئۆمرۈڭنىڭ بېشىدا قىلالمىغان ئىشلىرىڭنى ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ قىلىشقا تىرىشساڭ، قىيامەت كۈنى ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولىدۇ.

* بۈگۈننىڭ ئىشلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تۈنۈگۈننىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە كۈچ سەرپ قىلغان كىشى نىجات تاپالايدۇ.

## مۇئامىلە ھەققىدە

* كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتسەڭ، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى قولغا كەلتۈرىسەن، ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلساڭ، ئۆچمەنلىكلىرىگە خاتىمە بېرىسەن.

* ئىنسانلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ھېكمەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

* ياخشى مۇئامىلە بىلەن تۈزەلمىگەن كىشى جازالىنىش بىلەن تۈزىلىدۇ.

* مەرد كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ئەڭ ئېسىل ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

* ئەخمەق بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ئەڭ قىيىن ئىشتۇر.

## دۇئا ھەققىدە

* زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى ئەڭ ئۆتكۈر ئوقتۇر.

* دۇئا قىلىشتىنمۇ باش تارتقان كىشى ئەڭ كېرەكسىز كىشىدۇر.

* اللە تائالانىڭ بالايىئاپەتلىرى ۋە جازالىرى بولىدۇ، ئەگەر سىلەر بىرەر بالايىئاپەتكە يولۇقساڭلار دۇئا قىلىپ اللەقا يېلىنىڭلار، چۈنكى بالايىئاپەتنى پەقەتلا دۇئا توسۇپ قالالايدۇ.

* بەزىدە اللەتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلساڭ، اللە ساڭا تەلەپ قىلغىنىڭنى بەرمەي تەلەپ قىلغىنىڭدىن ياخشىراق بىر نەرسە بېرىشى مۇمكىن.

* دۇئا قىلغاندا ئىخلاس بىلەن قىل، ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئا ئىجابەت قىلىنىشقا يېقىندۇر.

* اللە دۇئا قىلىشنى نېسىپ قىلغان كىشىدىن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشنى مەھرۇم قىلمايدۇ.

* اللەنىڭ ئىشىكىنى قاققان كىشىگە اللە ئىشىكنى ئاچماي قويمايدۇ.

* ئەمەل قىلماستىن دۇئا قىلغان كىشى ياسى بولمىغان ئوقياغا ئوخشايدۇ.

## دۇنيا ھەققىدە

* دۇنيا سۈزۈلمەيدىغان سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھېچبىر دوستقا ۋاپا قىلمايدۇ.

* دۇنيا پۇرسەتتىن ئىبارەت، سەن پۇرسىتىڭنى داۋاملىق ئىزدە ۋە سەۋرچانلىق بىلەن كۈت، پۇرسىتىڭگە ئېرىشىسەن.

*د ۇنيا بۇلۇت سايىسىغا ۋە ئۇيقۇدىكى شېرىن چۈشكە ئوخشايدۇ.

* دۇنيا بالايىئاپەت، غەم - قايغۇ ۋە مۇسىبەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان.

* دۇنيا نەپسى خاھىشىنىڭ توزىقى ۋە ھەرقانىداق بالا - قازا ۋە مۇسىبەتنىڭ بارگاھىدۇر.

* دۇنيا ھەۋەسكە ۋە تايىنىشقا بولمايدىغان يۆلەنچۈككە ئوخشايدۇ.

* زاۋال تاپىدىغان لەززەتتىن ۋە ۋاقىتلىق جانانىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار.

* دۇنيادىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى دۇنيا شەيتانىنىڭ توزىقى ۋە ئىمانىنى بۇزىدىغان ئامىلدۇر.

* دۇنياپەرەسلىكتىن يىراق تۇر، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق گۇناھنىڭ ۋە مۇسىبەتنىڭ مەنبەئىدۇر.

* زېمىنىنىڭ ئىچى ئۆلۈكلەر بىلەن، تېشى بولسا كېسەللەر بىلەن تولۇپ تاشقان.

* دۇنيانىڭ جىددىيچىلىكى چاقچاق بىلەن، ئىززەت - ئابرۇيى خارلىق بىلەن، يۇقىرى مەرتىۋىسى بولسا، پەسكەشلىك بىلەن باراۋەردۇر.

* دۇنيا سىلەرنى ئاخىرەتكە قالدۇرۇپ بەربىر كېتىپ قالىدۇ.

* دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئىككى ئايالى بار ئەرگە ئوخشايدۇ، بىر ئايالىنى رازى قىلسا، يەنە بىرىنى نارازى قىلىپ قويىدۇ.

* بۈگۈن دۇنيادىن قاچقانلار قىيامەت كۈنى مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشكەندە چوقۇم خۇشال بولماي قالمايدۇ.

* دۇنيا يىلانغا ئوخشايدۇ، تېرىسى يۇمشاق، زەھىرى قاتتىق، شۇنىڭ ئۈچۈن نەپسىڭ ياقتۇرغان، لېكىن ۋاقىتلىق بولغان نازۇ - نېمەتلەردىن قول ئۈز، چۈنكى ئۇ ساڭا ئۇزۇن ئەسقاتمايدۇ، شۇڭا سەن

دۇنيادىن پايدىلانغۇچىلاردىن بـول، لـېكىن دۇنياپەرەسـلىكتىن ھەزەر ئەيلە.

* بۇ دۇنيا مېنىڭ نەزىرىمدە يۇقۇملۇق كېسەلگە دۇچـار بولغـان كىشـىنىڭ قولىـدىكى بىـر پـارچە توڭگـۈز گۆشـىدىنمۇ قەدىرسـىز، چېكەتكىنىڭ ئالدىدىكى بىر تال يوپۇرماقتىنمۇ خار، ئەلىنىڭ ۋاقىتلىق لەززەت، پانىي نېمەتلەر بىلەن نېمە ئىشى بولسۇن.

* بۇ دۇنيانىـڭ باشلىنىشـى قـايغۇ - ھەسـرەت، ئاخىرلىششـى بولسا يوقىلىش، ھالال ئىشلاردا ھېساب بار، ھـارام ئىشـلاردا جـازا ۋە ئازاب بار، باي بولغانلار ھەرخىل پىتنە - پاساتقا دۇچار بولىدۇ، دۇنيادا يوقسۇللۇققا يولۇققانلار قايغۇرىدۇ.

* دۇنيـا دەرد - ئەلەم بىـلەن تونۇلغـان بىـر جـاي، ۋاپاسـىزلىق دۇنيانىڭ ئەڭ كۆرىنەرلىـك سـۈپىتى، ئەھـۋالىي تۇتۇرۇقسـىز، دۇنياغـا ئىشەگەنلەر سالامەت قالمايدۇ، دۇنياغا بېرىلىپ ياشاش ئەيـىبلەنگەن بىـر ئىـش، شـۇنىڭدەك دۇنيـادا خاتىرجەملىـك كەم ۋە يـاكى يـوق دېيەرلىك.

* دۇنيا ۋاقىتلىق ئەمما ئاخىرەت مەڭگۈلۈك.

* مەڭگۈلـۈك بولمىغـان دۇنيـادىكى نـازۇ - نـېمەتلەر بەربىـر يوقىلىدۇ.

* مەڭگۈلۈك ئارزۇ بىلەن قولغا كەلمەيدۇ.

* دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشـچان تەبىئىتىنـى كـۆرۈپ تـۇرۇپ، يەنـىلا دۇنياغا بېرىلىش نادانلىقتۇر.

* دۇنيا ئالدايدۇ، زىيان بېرىدۇ ۋە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

* دۇنيا ئۆتۈپ كەتكەن ئاي - كۈنلەرگە ئوخشاش ئەسلىمىدىن ئىبارەت.

* دۇنيا مۇساپىرلارنىڭ ۋە بىتەلەيلەرنىڭ دەرگاھى.

* دۇنيادىكى بارلىق سەۋەبلەر ۋە ئالاقىلەر تېزلا ئۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئارىيەتلىرى قايتۇرىلىدۇ.

* دۇنيا بىر چۈشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا ئالدىنىش نادامەت ۋە پۇشايمانغا سەۋەب بولىدۇ.

* دۇنيا پەسكەشلىك مەنبەئى بولغىنىدەك، ئالدىنىش ۋە كۆرەڭلەش جايىدۇر.

* مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت، نازۇنېمەتلەرگە ئېرىشمەكچى بولساڭلار، بەختسىزلىك ۋە بىتەلەيلىك ئورنى بولغان بۇ دۇنيادىن ئۆزۈڭلارنى ئازات قىلىڭلار.

* مەن دۇنيانى قايتماسلىق ئۈچۈن ئۈچ تالاق قىلدىم.

* سىلەر دۇنياغا بېرىلسەڭلار سىلەرگە ئەسقاتمايدىغان ۋە داۋاملاشمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ۋاقتىڭلارنى زايا قىلغان بولىسىلەر.

* دۇنيا پەرەسلەر بىكارغا قاۋايدىغان ئىتقا، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىدىغان، كۈچلۈك ئاجىزنى يەيدىغان ھايۋانغا ئوخشايدۇ، بەزىدە چۈشەپ قويۇلۇپ، بەزىدە تاشلىۋېتىلىپ، ئارقانلىرى ئۈزۈلۈپ يولدىن چىققان تۆگىگە ئوخشايدۇ.

* سىلەر، يەنى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانلار، قوزغىلىش بۇيرۇقى كۈتۈپ تۇرغان بىر كارۋانغا ئوخشايسىلەر، قاچان يولغا چىقىشنى بىلمەيسىلەر.

* دۇنيا ۋاقىتلىق بىر لەززەتتىن ئىبارەت، ۋاقتى كەلگەندە خىيال يوقالغاندەكلا يوقىلىدۇ، بۇلۇت تارقالغاندەك تارقىلىپ كېتىدۇ.

* دۇنيا بىر ئۆتەڭ، ئاخىرەت مەنزىل، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتەڭدىن مەنزىلگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋىلىڭلار، پۈتۈن سىرلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىۋاتقان اللهنىڭ ئالدىدا پەردىشەپنى قايرىۋەتمەڭلار.

*دۇنيا بىرەر بەندىگە چىرايىنى ئاچقاندا باشقىلارنىڭ پەزىلەتلىرىنىمۇ ئۇ كىشىدە نامايان قىلىدۇ، لېكىن بىرەر كىشىدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىرىنىمۇ يوشۇرۇپ قىلىشقا تىرىشىدۇ.

* دۇنياغا قوشنا بولغان كىشى بىلەن باشقىلار داۋاملىق جەڭگە - جېدەل قىلىدۇ، دۇنيانىڭ ئېسىل نازۇ - نېمەتلىرى بولسا بىر كۈن كەلگەندە بالايىئاپەتكە ئايلىنىدۇ.

* دۇنياغا بېرىلىش ھەرقانداق خاتالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر.

* دۇنياغا بېرىلىش پىتنىلەرنىڭ بېشى ۋە ئاپەتلەرنىڭ مەنبىئىدۇر.

* دۇنياغا بېرىلىش ئەقلنى بۇزۇپ، كۆڭۈلنى تۈيۈق يولغا باشلاپ، ھېكمەتكە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرىگۈزۈپ، ئەلەملىك، ئېغىر جازاغا دۇچار قىلىدۇ.

* نەپسى خاھىشىڭلارغا ۋە دۇنياغا قارشى جىھاد قىلىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى دۇنيانىڭ ھەر خىل نازۇ - نېمەتلىرىدىن يىراق تۇتۇڭلار، چۈنكى دۇنيا تېزلا تۈگەيدۇ، دەھشەتلىك مۇسىبەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يۆتكىلىپ كېتىشكە ئاران تۇرىدۇ.

* دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرى ئاز، يامانلىقلىرى بەك ئېغىر، بەك قاتتىق.

* دۇنيانىڭ قىممىتى تۆۋەن، ھوسۇلى ئاز، خۇشاللىقى يالغان ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئالدىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

* پۈتۈن ئۈمىد - ئارزۇسى دۇنيا بولغان كىشىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى ۋە خىياللىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

* ئەقلىنىڭ كاردىن چىقىشىنىڭ سەۋەبى دۇنياغا بېرىلىشتۇر.

* دۇنيادىكى شاھلىقمۇ خارلىق، يۇقىرى مەرتىۋىمۇ پەسلىكتۇر.

* دۇنيانىڭ خۇشاللىقى ئالدىنىش، بايلىقى بولسا، ۋەيرانچىلىقتۇر.

* دۇنيانىڭ ساغلاملىقىمۇ كېسەللىك، لەززەتلىرىمۇ دەرد - ئەلەم.

* ئەي دۇنيا ھىيلە - مىكرىڭنى تونۇيالمىغان، قاپقانلىرىڭنى كۆرمىگەنلەرنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن.

* دۇنيا ئالدامچى، بۇزغۇنچى، ياخشىلىقلاردىن توسۇپ قالغۇچى، زاۋال تاپقۇچى ۋەيران بولغۇچى ۋە تۈگەشكۈچىدۇر.

* دۇنيانىڭ تاماقلىرى زەھەر، ئۆزئارا ئالاقىلىرى بولسا كېسەللىك ۋە يارا - جاراھەتتىن ئىبارەتتۇر.

* دۇنيانىڭ ئازغىنا نازۇنېمەتلىرىمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس، كۆپلىگەن نازۇنېمەتلىرىنىڭ بولسا ھەرخىل بالايىئاپەتلىرى ئاز ئەمەس.

*دۇنيانىڭ ھەممە ئەھۋالى دەھشەتلىك يەر تەۋرەشكە ئوخشىسا، دۇنيانىڭ شاھلىقى بۇلاڭچىلىق ۋە تۈگىشىشتۇر.

* دۇنيانىڭ ھەربىر دەۋرى ئاخىرلاشمای قالمايدۇ، شۇنداقلا ياشاۋاتقان ھەربىر جانلىق ئۆلمەي قالمايدۇ.

* دۇنيادا جىسمىڭ بىلەن، ئاخىرەتتە قەلبىڭ ۋە ئەقلىڭ بىلەن بول.

* دۇنيــادا ســەن ئېرىشــەلمىگەن نەرســىلەرنىڭ ھەممىســى ئەمەلىيەتتە بىر غەنىمەتتۇر.

* كۆپ بىلەن تۈن بىر يەرگە كەلمىگەندەك، اللهنىــڭ سۆيگۈسى بىلەن دۇنيا سۆيگۈسىمۇ بىر يۈرەككە سىغمايدۇ.

* دۇنيا چۈمپەردىسىنى ئېچىۋەتتى ۋە يامانلىقلار بىلەن سىلەرگە تەھدىد سېلىۋاتىدۇ.

* دۇنياغا بېرىلگەنلىكتىن ھېكمەتلىــك نەســىھەتنى ئاڭلاشــنى قۇلاقلار گاس، ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن دىللار كور بولماقتا.

* ئاساسىي غايىسى دۇنيا بولغان كىشى ھېچقانداق بىر بەدەلگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق بىر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمايدۇ.

* دۇنيا ئىگىلىرى ئەقىللىق بولغان بولسا، دۇنيا ۋەيران بولاتتى.

* دۇنيا بىرەر كىشىگە باقىمەندە بولغان بولسا، ھــازىر دۇنيــانى قولىدا ئويىنىتىۋاتقانلار بۇ دۇنياغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

* ئاز مال - دۇنياغا قانائەت قىلمىغان كىشــى كــۆپلىگەن مــال - دۇنياغا تويمايدۇ.

* دۇنيادىن ئۆزى خالىغانغا ئېرىشمەكچى بولغــان كىشــىنىڭ بــۇ يولدا قىلمىغان ناچارلىقى، سالمىغان زۇلمى قالمايدۇ.

* دۇنيا ئالدىغا سېلىۋالغان كىشى قول ئىلكىــدە بــار نەرســىنىمۇ كۆرەلمەي قالىدۇ.

* دۇنيانىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى دۇنيانىڭ ھەر خىل ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالمايدۇ.

* دۇنياغا ئېرىشكەن كىشى خەقلەرنى قاقتى - ســوقتى قىلغــان بولىدۇ، دۇنياغا ئېرىشەلمىگەنلەر بولسا چارچايدۇ.

* بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى دۇنياغا ئېرىشىش بولغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى غەم-قايغۇسى ئۇزۇن سۈرىدۇ.

* يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنىڭ شېخى قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلىسۇن؟

* دۇنيادا كۆپەيگەن بىلەن ئاخىرەتتە ئازىيىدۇ.

* دۇنيا يوقىلىشقا، قېرىلىق ياشلىققا، شەك شۈبھىلىنىشكە نېمىدېگەن يېقىن!

* دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرى ئاخىرەتنىڭ راھىتىدۇر.

* دۇنيا سەراپقا ئوخشايدۇ، سەن توختىساڭ توختايدۇ، تۇتۇۋالىمەن دېسەڭ مۇمكىن بولمايدۇ.

* دۇنيا يۈزسىز، ۋاپاسىز، تۇراقسىز، ئالدامچى ۋە تۇزكوردۇر.

* پانىي دۇنيانى ياخشى تونىغان كىشى باقىي دۇنياغا تەييارلىق قىلىش كېرەك.

## كېسەل ھەققىدە

* بەزى كېسەللەر دورىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

* كېسىلى جىق كىشىگە داۋا تاپماق قىيىن.

* دورىنىڭ ئاچچىقلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىنىڭ كېسىلى داۋاملىشىۋېرىدۇ.

* دوختۇردىن كېسەلنى يوشۇرغان كىشىگە شىپالىق يوق.

* كېسىلىنىڭ دورىسىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئىزدىمەيدىغان، دورا ئۇچراپ قالسىمۇ داۋالانمايدىغان كىشىلەردىن ھەيران بولدۇم.

* ياخشى ئادىتىڭ سېنى قەيەرگە باشلىسا، شۇ يەرگە بار.

## دۆلەت ھەققىدە

* دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىش.

* ئېسىل كىشىلەرنىڭ قولىدىكى دۆلەت تۈگىمەس بايلىقتىن ئىبارەت.

* دۆلەتنىڭ كۆچلۈك بولۇشى غەپلەتنىڭ ئاز بولۇشىغا باغلىق.

* دۆلەتنى ئادالەتتەك قوغدىيالايدىغان قورغان يوق.

* دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىغا تۆت نەرسە سەۋەب بولىدۇ: قانۇن - تۈزۈمنىڭ بۇزۇلۇشى، مەغرۇرلۇق ۋە كۆرەڭلەش، پەسكەشلەرنى ئالىي ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئېسىل كىشىلەرنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدىن مەھرۇم بولۇشىدۇر.

* پەشكەشلەرنىڭ دۆلتى زالىملىق ۋە پاساتچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

## قەرز ھەققىدە

* ئەڭ يامان زەنجىر قەرزدۇر.

* قەرزنىڭ كۆپ بولۇشى راستچىل ئىنساننى يالغانچى، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان كىشىنى ئالدامچى قىلىپ قويىدۇ.

## دىيانەت ھەققىدە

* دىيانەت بىلەن ئەدەپ ئەقلىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

* ئارزۇنىڭ ئاز بولۇشى دىيانەتنىڭ ئەڭ ئېسىلى ھېسابلىنىدۇ، ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل ئەڭ ئالىي ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

* دىنىنىڭ يىلتىزى ئاللاھقا ئىشىنىش، مېۋىسى بولسا ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەنلىشىشتۇر.

* دىن بىر دەرەخ، ئۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى بولسا رازى بولۇش، قانائەت ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىشتۇر.

* ئۈچ نەرسە دىنىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرىدۇ: ئۆكتەملىك، ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەت.

*دىن ئۈچ خىسلەتكە مۇجەسسەم بولغان: نومۇس، تەقۋادارلىق ۋە شەرمي - ھايا.

* دىن ئۈچ نەرسە بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ: ئىخلاس، ئىشەنچ ۋە قانائەت.

* دىيانەت تۆت نەرسىگە مەركەزلىشىدۇ: ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، ئارزۇ - ئىستەكنى ئاز قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە يامانلىقتىن قول ئۈزۈش.

* ئىشەنچنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى دىيانەتنىڭ كۆرىنىشىدۇر.

* دىنىنى ساقلاپ قىلىش مەرىپەتنىڭ مېۋىسى ۋە ھېكمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

* دۇنيانى دىنغا خىزمەت قىلدۇرۇڭلار، لېكىن دىنىنى دۇنياغا خىزمەت قىلدۇرماڭلار.

* ئالتە نەرسە بىلەن كىشىنىڭ دىيانىتى سىنىلىدۇ: دىندا چىڭ تۇرۇش، ئىشەنچنىڭ يۈكسەك بولۇشى، تەقۋانىڭ يۇقىرى بولۇشى، ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى تىزگىنلەش، دۇنياغا مېھرىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە تەلەپنىڭ ئاز بولۇشى.

* دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى: سەۋر - تاقەت، ئىشەنچ - ئىرادە ۋە نەپسى خاھىشقا قارشى تۇرۇشتا.

* دىنىنى دۆلىتىڭنىڭ قورغىنى قىل، شۈكۈرنى ساڭا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ چېگراسى قىل، چۈنكى دىن قوغداپ تۇرغان ھېچقانداق دۆلەت ۋەيران بولمايدۇ، شۈنىڭدەك، شۈكۈر چېگراسى بولغان ھېچقانداق نېمەت قولدىن كەتمەيدۇ.

* دىنىنى ھاياتىڭنىڭ قانۇنى قىل، تەقۋادارلىقىڭنى بولسا ۋاپاتىڭنىڭ تەييارلىقى قىل.

* پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، دىن يولىدا خىزمەت قىلغانلار نېمىدېگەن بەختلىك كىشىلەر!

* جىسمىدىن سايە ئايرىلالمىغاندەك، دىيانەتتىن مۇۋەپپەقىيەت ئايرىلالمايدۇ.

* ھەربىر دىيانەتنىڭ ئالاھىدە پەزىلىتى بار، ئىماننىڭ پەزىلىتى بولسا مۇلايىملىقتۇر.

* دىيانىتى ساغلام بولغان كىشىنىڭ ئامانىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

* دىنىنى ۋەيران قىلغان كىشى ئاخىرىتىنى ۋەيران قىلغان بولىدۇ.

* دىيانىتى كۈچلۈك بولغان كىشىنىڭ جازا ۋە مۇكاپاتقا بولغان ئېتىقادى كۈچلىنىپ، اللەنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئىشەنچىسى مۇستەھكەم بولىدۇ.

* دىنغا بولغان كۆز قارىشى ئىنچىكە بولغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قەدىر - قىممىتى يۇكسىلىدۇ.

* دىنغا بولغان كۆز قارىشى تۆۋەنلەپ كەتكەن كىشى خار بولىدۇ، ھەقىقەت بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلغان كىشى مۇلايىملىشىپ قالىدۇ.

* دىنىڭلارنى شەك ـ شۈبھەدىن قوغداپ قېلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھەم شەك ـ شۈبھىلىك جايلاردىن يىراق تۇتۇڭلار.

* دىنىنىڭ نىزامنامىسى نەپسى خاھىشقا قارشى تۇرۇش ۋە دۇنياغا بېرىلمەسلىكتۇر.

# 8- باب

## ياد ئېتىش ھەققىدە

* اللهنى ياد ئېتىش يۈرەكنى خۇش قىلىپ، قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، رەھمەتنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

* اللهنى ياد ئېتىش ئەقىلنىڭ نۇرى، جانلارنىڭ ھاياتى ۋە يۈرەكلەرنىڭ نۇرلىنىشىدۇر.

* اللهنى ياد ئېتىش تىلنىڭ ھۈنىرى ئەمەس، شۇنىڭدەك تەپەككۇرنىڭ مېۋىسىمۇ ئەمەس، لېكىن بىرىنچى بولۇپ بەندە اللهنى ياد ئېتەلىسە، اللهمۇ ئۇ بەندىنى رەھمىتى بىلەن ياد ئېتىدۇ.

* يالغۇزلۇقنى زىكىر بىلەن بېيىتقىن، نېمەتلەرنى شۈكۈر بىلەن.

* سېنى ئۇنتۇمايدىغان زات سېنىڭ ياد ئېتىشىڭگە ئەڭ لايىق زاتتۇر.

* زىكىرنىڭمۇ ئىگىلىرى بار، بەزىلەر اللهنى زىكىر قىلىشنى دۇنياغا تېگىشكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تىجارەت ۋە ئېلىم - سېتىم مەشغۇل قىلالايدۇ، بەزىلەر ھايات مۇساپىسىنى اللهنى زىكىر قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزىدۇ ۋە غاپىللارنىڭ قۇلىقىغا اللهنىڭ زىكىرلىرىنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

* ياد ئېتىش دېگەن ياخشى كۆرگەن زات بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش دېمەكتۇر.

* زىكىر ئەقىلنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، يۈرەكنى نۇرلاندۇرىدۇ.

* اللهنى زىكىر قىلىش ئەقىلنى يېتەكلەپ، قەلب كۆزىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

* ﷲنىڭ سېنى ئۆزىنىڭ زىكرىگە ئۈلپەتداش قىلغانلىقى سېنى دوست تۇتقانلىقىدىن ئىبارەت.

* ﷲ سېنى ئىنسانلار بىلەن سىرداش قىلىپ، ئۆز زىكرىدىن ئۈزاقلاشتۇرسا بۇ ﷲنىڭ سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

* ﷲنى زىكىر قىلىش قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، ۋىجداننى راھەتلىتىدۇ.

* يۈرىكى ﷲنى زىكىر قىلىش بىلەن ئاۋات بولغان كىشىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىدۇ.

* ﷲنى داۋاملىق زىكىر قىلىش روھنىڭ ئوزۇقى ۋە ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

## گۇناھ ھەققىدە

* گۇناھلار كېسەلگە ئوخشىسا، تەۋبە قىلىش دورىغا ئوخشايدۇ، كېسەلدىن ساقىيىشنىڭ يولى گۇناھنى قايتا تەكرارلىماسلىقتا.

* ھەربىر گۇناھقا ۋاقتىدا تەۋبە قىلىش كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن گۇناھلىرىمىز بەك كۆپىيىپ كېتىدۇ.

* گۇناھ ئاساۋ ئاتقا ئوخشايدۇ، گۇناھكارلار ئۇ ئاتقا مىنىدۇ، ئۇ يۈگەنسىز بولغاچقا، گۇناھكارنى ئۇدۇل ئوتقا تاشلايدۇ.

* ناچار كىشىلەرنى ئاقلاش ئەڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

* گۇناھتىن باش تارتماسلىق ناچار ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىندۇر.

* ئەگەر گۇناھتىن پاكلانماقچى بولساڭلار، ئەڭ ئاۋۋال قەلب گۇناھلىرىدىن پاكلىنىڭلار.

* گۇناھنىڭ لەززىتىنى جازانىڭ دەھشىتى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

* گۇناھ بىلەن پەخىرلىنىش گۇناھ قىلغاندىنمۇ يامان.

* ھەممە مەخپىيەتلىكلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى زاتنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىش ئارقىلىق پەردىلەرنى يىرتىپ تاشلىماڭلار.

* گۇناھنىڭ كىچىكىنى كىچىك كۆرمەڭلار، چۈنكى گۇناھقا سەل قاراش چوڭ گۇناھتۇر، كىشىنى كىچىك گۇناھلىرى ئورىۋالسا، ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

* گۇناھ قىلىشتا چىڭ تۇرغان كىشى پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە سەل قارىغان بولىدۇ.

* گۇناھى كۆپ كىشى خارلىنىشقا تېگىشلىك كىشىدۇر.

* سىلەرنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىڭلار قىلىۋاتقان گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلىدىندۇر.

* گۇناھكار نېمىدېگەن ئەخمەق، ئۇنىڭ تەلىيى نېمىدېگەن ئادىل.

* گۇناھ قىلىۋاتقاندا لەززەتنىڭ بىردەملىك ۋە جاۋابكارلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسلەڭلار.

* يالغۇزلۇقتا قىلماقچى بولغان گۇناھلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى گۇۋاھچى بىلەن سوتچى بىر بولىدۇ.

* كېسىلى تۈپەيلى تاماقتىن قالغانلارنىڭ جازا تۈپەيلى گۇناھتىن قالمىغىنىدىن ئەجەبلەندىم.

* قىلغىنىغا مىننەت قىلغان سالىھ بەندىدىن گۇناھىنى ئۇستىگە ئالغان گۇناھكار ياخشى.

# 9- باب

## تەپەككۇر ھەققىدە

* تەپەككۇرۇڭلارنى كوزىنى تازلىغاندەك تازلاپ تۇرساڭلار، تـوغرا كۆز قاراشقا ئىگە بولىسىلەر.

* پۇرســەتنى قولــدىن بەرمــگەن ۋە غەم - ئەندىشــە پەيــدا قىلمىغان كۆز قاراش ئەڭ توغرا كۆز قاراشتۇر.

* پىشقەدەمنىڭ پىكرى يىگىتنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىدىن ياخشى.

* كىشىنىڭ پىكرى تەجرىبىسىگە قارىتا بولىدۇ.

* كۆز قاراشتا خاتالىشىش قول - ئىلكىدىكى نەرسىدىن قـۇرۇق قېلىش ۋە ھالاك بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

* توغرا تەپەككـۇر دۆلەت قۇرۇشــقا ئېلىــپ بارســا، خاتــا پىكــر دۆلەتنى ۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

* كۆز قاراشقا يارىشا ئىرادە بولىدۇ.

* كۆز قاراشــلارنىڭ ھەر خــىل ئېھتىمــاللىقلىرىنى بىلەلمــگەن كىشىنى ھىيلە -مىكىر چارچىتىپ قويىدۇ.

* پىكرى ئاجىز كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى كۈچلۈك بولىدۇ.

* تەپەككۇرىدىن كۆرەڭلىگەن كىشــى دۈشــمەنلىرى تەرىپــدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ.

* ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بىلەنلا بولدى قىلغان ھالاك بولىدۇ.

* ئــۆز پىكرىــدە چىــڭ تۇرىۋالغــان كىشــىنىڭ دۈشــمەنگە بولغــا بېسىمى تۆۋەنلەيدۇ.

* باشــقا پىكىرلەرنىمــۇ قوبــۇل قىلغــان كىشــى خاتــالىقلىرىنى تونۇۋالىدۇ.

* ئىستىبدات ئەڭ ناچار تەييارلىقتۇر.

## رىياكارلىق ھەققىدە

* رىياكارنىڭ كۆرۈنۈشى گۈزەل، ئىچى رەزىل.

* ئىبادەتنىڭ ئاپىتى رىيا.

* رىياكارنىڭ ئېغىزى تاتلىق، لېكىن ئۇنىــڭ يۈرىكىــدە يوشــۇرۇن كېسەل بار.

## ئۈمىد ھەققىدە

* ئۈمىدسىزلىك ئەڭ زور ئاپەتتۇر.

* ساختا ئارزۇغا بەزىدە كېرەكسىز ئۈمىد ھەمراھ بولىدۇ.

* ئۈمىد قىلغان نەرسىدىن ئۈمىد قىلمىغان نەرســىگە يېقىنــراق بول.

* ئۆزىنى خار كۆرگەن كىشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلما.

* مىننەت قىلىدىغان كىشىدىن ياخشىلىق كــۈتمە، ئەخــمەق ۋە مۇناپىققا ئىشەنمە.

## مېھىر - شەپقەت ھەققىدە

* رەھىم قىلساڭ، ساڭا ﷲنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ.

* ﷲنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغــان كىشــىنىڭ ئۆزىــدىن تــۆۋەن كىشىلەرگە رەھىم قىلماسلىقىغا ھەيران بولىدۇم.

* ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلالمىساڭ، رەھىم قىل.

* ئىنسانلارغا رەھىم قىلمىغان كىشىلەرگە اللە رەھىم قىلمايدۇ.

* ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ئىشى نادانلارغا رەھىم قىلماقتۇر.

## تۇغقاندارچىلىق ھەققىدە

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش نېمەتلەرنىڭ يېغىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقاندارچىلىقتا ئەھەممىيەت بەرمەسلىك خاپىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* نېمەتلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا باغلىق.

* بالايىئاپەتلەرنىڭ يېغىشى تۇغقاندارچىلىقتا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتە.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش نېمەتلەرنىڭ يېغىشىغا ۋە ئاپەتلەرنىڭ يىراقلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش دۈشمەننى خاپا قىلىدۇ، بالايىئاپەتلەردىن يىراق قىلىدۇ.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش مال - دۇنيانىڭ كۆپىيىپ، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش مال - دۇنيانىڭ كۆپىيىپ، ئەمەللەرنىڭ اللە دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش نېمەتلەرنىڭ مولىلىشىشىغا ۋە ئاپەتلەرنىڭ يىراقلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقانلارغــا ياخشـــلىق قىلــش جەمەتنىـــڭ كۆپىيىشـــى، مەرتىۋىنىڭ يۇكلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش نېمەتلەرنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەڭ ساغلام قورال.

* تۇغقاندارچىلىقتا سەل قاراش ئاپەتلەرنىڭ كېلىشىگە ســەۋەب بولىدۇ.

* تۇغقاندارچىلىقتا سەل قاراش مەردىنىڭ ئىشى ئەمەس.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىل، چۈنكى ئۇلار ســېنىڭ ئۇچۇدىغــان قاناتلىرىــڭ، ســېنىڭ يىلتىزىــڭ ۋە ئــۆزۈڭنى قوغدايــدىغان كۈچلــۈك قولۇڭدۇر.

* تۇغقاندارچىلىق مۇناســۋەتى زىــچ بولغانــدا، ھەمكارلىشــش كۈچىيىدۇ.

* ياخشى ئۆتەۋاتقان تۇغقاندارچىلىقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىنــاقلىقتىن كېيىنكــى يىرىكلىشـــش، دوســـتلۇقتىن كېيىنكــى دۈشمەنلىشـــش، سەممىي ئۆلپەتداشلىقتىن كېيىنكى سەممىيەتسىزلىك نېمــدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە!

* بەزى يات كىشى تۇغقاندىن ياخشى.

## باياشادلىق ھەققىدە

* ئاپەت ئۈســت - ئۈســتىگە كەلگەنــدە، باياشــادلىق مەيــدانغا چىقىدۇ.

* باياشادلىقتا شۈكۈر قىلىشنىڭ قىممىتىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## رەزىللىك ھەققىدە

* رەزىللىك بىلەن كۆرەڭلىمە، قىممىتىڭنى چۈشۈرىۋېتىدۇ.

* ئۆزىنى چوڭ بىلىش رەزىللىككە ئېلىپ بارىدۇ.

## رىزىق ھەققىدە

* اللهنىڭ ياردىمى ئەمگەكنىڭ قىممىتىدە بولىدۇ، يەنى قانچىلىك ئەمگەك قىلساڭ، شۇنچىلىك ياردەمگە ئېرىشىسەن.

* رىزقىڭ سېنى ئىزدەيدۇ، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى بەك ئاۋارە قىلىپ كەتمە.

* ھەرقانداق رىزىقنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، ئۇنداق ئىكەن، رىزىق تەلەپ قىلغاندا بارلىق كۈچۈڭلارنى سەرپ قىلىڭلار.

* ئەگەر رىزىق ئەقىلگە قارىتا بولغان بولسا، ئەخمەقلەر بىلەن ھايۋانلار ئاچلىقتىن ئۆلسە بولاتتى.

* ئەتىنىڭ رىزقى ئۈچۈن بۈگۈن غەم قىلغان كىشى غەلىبە قىلالمايدۇ.

* بېرىلىشى ئېنىق بولغان رىزىق ساڭا پەرز قىلىنغان ئەمگەكنى توسۇپ قالمىسۇن.

* تەقسىم قىلىنغان رىزىققا شۈكۈر قىلساڭ باي ياشايسەن!

* رىزىق ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكەن ئىنسان رىزىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.

* رىزىقنىڭ كۆپىيىشىنى تەلەپ قىلغان كىشى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

* سەن ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ۋە يا كېيىن ئۆلمەيسەن، بېرىلمىگەن رىزىقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرسەڭمۇ، ساڭا تەقسىم

قىلىنغىنىنى بېرىلىدۇ، ئۇنداق ئىكەن، نېمىدەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلىسەن.

## ئەلچى ھەققىدە

* ئەلچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىدىن ئەلچىنى يوللىغان كىشىنى تونۇغىلى بولىدۇ.

* ئەلچى ئەقلىنىڭ تەرجىمانى، خېتى گېپىدىن ئۈنۈملۈكرەك.

* ئەلچىنىڭ ئەقلىڭنىڭ تەرجىمانى، چىدامچانلىقىڭ سەۋر - تاقىتىڭنىڭ ئىسپاتىدۇر.

* ئەلچىڭ پاراسىتىڭنىڭ ئۆلچىمى، قەلىمىڭ سۆزلىرىڭدىن پاساھەتلىكرەكتۇر.

## ئەقىل ھەققىدە

* ئويۇنچى كىشى ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ، ئەكسىچە تىرىشچان كىشى ئەقىلگە ئىگە بولىدۇ.

* ئەقلگە بويسۇنمىغان كىشى خاھىشىغا بويسۇنىدۇ.

* سېنى كىم راستچىللىق بىلەن سۆيەتلىسە، ئۇ ساڭا ئەقىل كۆرسەتكەن بولىدۇ.

* ئەقلىنى ئىشلەتكەن كىشى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىدۇ.

## رازىمەنلىك ھەققىدە

* رازى بولۇش راھەت، نارازى بولۇش زۇلۇمدۇر.

* رازى بولۇش ئىشەنچ قىلىشنىڭ مېۋىسىدۇر.

* سىلەر قازاغا رازى بولساڭلار ھاياتىڭلار ياخشىلىنىپ، بايلىققا ئېرىشىسىلەر.

* ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش بىلەن ئىشەنچ ئۆلچىلىدۇ.

* قازاغا رازى بولغان كىشى ئاپەتكە سەۋر قىلىدۇ.

* تەقدىرنىڭ ئاتا قىلغىنىغا رازى بولۇش ئىمانىنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتىدۇر.

* قازاغا رازى بولۇش قايغۇنى يوقىتىدىغان ئەڭ ئېسىل ئامىلدۇر.

* ھەممە نەرسىدە قادىر ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولغان كىشى چوقۇم زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدىمۇ ئادالەت ھەققىدە نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

* ئاللاھنى نارازى قىلىش بەدىلىگە ئىنسانلارنى رازى قىلىش ئېمىدېگەن كاتتا گۇناھ.

* تەقدىرگە تەن بەرگەن كىشى ئاز نەرسىگىمۇ قانائەت قىلىدۇ.

* بىرەر مىللەتنىڭ خاتا ئىشىغا رازى بولغان كىشى، ئاشۇ خاتا ئىشنى ئۆزى قىلغاندەكلا گۇناھكار بولىدۇ. خاتالىققا رازى بولغان كىشى ئىككى گۇناھ ئىشلىگەن بولىدۇ، بىرىنچىسى، خاتالىققا رازى بولۇش، ئىككىنچىسى، بولسا خاتالىق ئىشلەشتۇر.

## ئىنتىلىش ھەققىدە

* ئىنتىلىشنىڭ نەتىجىسى جاپادۇر.

* ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە ئىنتىلىشىڭ خارلىقتۇر.

* بايلىقىڭدا ساڭا ئىنتىلگەن كىشى يوقسۇل بولۇپ قالساڭ سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

* سىلەر ئاللاھقا ئىنتىلسەڭلار غەلىبە قىلىسىلەر ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىسىلەر، لېكىن دۇنياغا بېرىلسەڭلار زىيان تارتىسىلەر ۋە ۋەيران بولىسىلەر.

## مۆلايىملىق ھەققىدە

* مۆلايىملىق ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى.

* مۆلايىملىق قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە قىيىن شارائىتنى قولاي قىلىدۇ.

* مۆلايىملىق ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقى ۋە غەلىبىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ئەگەشكۈچىلەرگە مۆلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەخلاقنىڭ ئېسىلىدۇر.

* جازاغا لايىق كىشىنى جازالاش ئەڭ مۇۋاپىق مۆلايىملىقتۇر.

* سىياسەتنىڭ جەۋھىرى مۆلايىملىقنى قانداق يەردە ئىشلىتىشنى بىلىشتە.

* كىشىنىڭ مۆلايىملىقى بىلەن سېخىيلىقى دۈشمەنلىرىگىمۇ دوست قىلىۋېتىدۇ.

* مۆلايىم بول، چۈنكى مۆلايىملىق بىلەن ئىش قىلغان كىشىنىڭ ئىشى تاماملىنىدۇ.

* مۆلايىملىقنى جايىدا ئىشلەتمەلىگەن كىشىگە رىزىق ھەر يەردىن ياغىدۇ.

## تەنھەرىكەت ھەققىدە

* تەنھەرىكەتنىڭ ئۇرۇقى ھېكمەت ئۆگىنىپ، ئادەتلەنگەن يامان ئىشلارنى تاشلاشتۇر.

* تەنھەرىكەت ئويغاق روھ بىلەنلا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

## خاتالىقلار ھەققىدە

* ئۆز خاتالىقىنى تونۇيالىغان كىشىگە باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرى كىچىك كۆرۈنىدۇ.
* دىققەت قىلىپ تۇرۇپ سادىر قىلغان خاتالىق ئەڭ چوڭ خاتالىق، نامەردلىك بولسا ئەڭ چوڭ ئىللەتتۇر.

## ئۆزۈق - تۈلۈك ھەققىدە

* ئۆزۈق - تۈلۈكنى يوقىتىپ قويۇش ئىسراپچىلىقتۇر.
* پانىي دۇنيادا باقىي دۇنيا ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرگە تەييارلىقنىڭ يوللىرى تونۇتۇلدى، سەپەرگە بۇيرۇلدۇڭلار، تېز يولغا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدۈڭلار!
* ياخشى تەييارلىنىشنىڭ ۋە داۋاملىق تەييار تۇرۇشنىڭ كېرەك، شۇنىڭدەك ياخشى ئوزۇق ئېلىۋېلىشنىڭ كېرەك. (يەنى قىيامەت ئۈچۈن.)
* دۇنيادىن يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئاخىرەتكە تەييارلىقسىز كېتىۋاتقانلىقى ئېچىنىشلىق ۋە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟!

## زاھىتلىق ھەققىدە

* زاھىت دېگەن ئارزۇنى ئاز قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىش دېمەكتۇر.
* ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان دۇنيانى ياخشى تونۇغىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولغۇسى.
* زاھىتلىق ئەڭ ياخشى ئىبادەتتۇر.

* نادان كىشىنىڭ زاھىت بولۇشى پاراسەت ئېگىسىنىڭ ئاچ كـۆز بولۇشىغا ئوخشاش.

* زالىمنىــڭ زامانىــدىكى زاھىتلىــق ئادىلنىــڭ زامانىــدىكى ئــاچ كۆزلۈككە ئوخشاش.

* زاھـــت دېـــگەن بـــار نەرســـە تۈگىمگـــۈچە يـــوق نەرســـىنى ئىزدىمىگەن كىشىدۇر.

* ھېكمەت زاھىتلىقنىڭ مېۋىسىدۇر.

* زاھىتلىق ئىمانىنــڭ ئەڭ ياخشىســىدىن، دۇنياغــا ئىنتىلىش بولسا بولسا ئىشەنچنى ۋەيران قىلىدۇ.

* دۇنيادا زاھــت بولۇشــۇڭ سـېنى نىجاتلىققــا ئېلىــپ بارىــدۇ، ئەكسىچە دۇنياغا بېرىلىشىڭ سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

* كىشىنىڭ پانىيدا زاھىتلىقــى باقىيغــا بولغــان ئىشەنچىســىگە باغلىق.

* زاھىتلىقــڭ تۈگەيــدىغان ۋە ۋاقىتلىــق نەرســىلەردە بولســۇن، چــۈنكى ســەن ئۇنىڭغــا باقىمەنــدە ئەمەس، ئۇمــۇ ســاڭا باقىمەنــدە ئەمەس.

* تاماخورلۇقتىن يىراق تۇرۇپ، ئېھتىيات بىلەن زىنىنەتلەنمىگەن كىشىنىڭ زاھىتلىقى ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ.

* دۇنياغا ئۆلۈمنى ئويلاپ ياشايدىغان زاھىتنىڭ كۆزى بىلەن قارا، دۇنياغا ئىنتىلىپ ئاشىق بولغان كىشىنىڭ كۆزى بىلەن قارىما.

# 10- باب

## ھاجەتمەنلىك ھەققىدە

* تىلەمچىلىك كىشىنىڭ تىلىنىڭ تۇتۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، باتۇرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ، ئەركىن كىشىنى قۇلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئابرۇيىنى تۆكىدۇ ۋە رىزىقنى كېمەيتىدۇ.

* تىلەمچىلىك خارلىق زەنجىرىدۇر، ئەركىن كىشىنى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى يوق قىلىدۇ.

* باشقىلار ماڭا ئىتائەت قىلسۇن دېسەڭ، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلما.

* سېنىڭ تەلىپىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرلىكتە يامان ئاقىۋەتلەرنى سەندىن يىراقلاشتۇرىشى كېرەك.

* ئۆز قىممىتىدىن يۇقىرىنى تەلەپ قىلغان كىشى مەھرۇملۇققا مەھكۇمدۇر.

* بىر نەرسە سورىغانلىقىڭ ئۆزۈڭنى چۈشۈرۈشۈڭدۇر، كىمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى چۈشۈرۈشنى ئۆزۈڭ بەلگىلە.

* نادانلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشتىنمۇ ئەلەملىك ئىش يوق.

* لايىق بولمىغان كىشىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىش ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەردۇر.

* ئېھتىياجىڭ قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ، باشقىلارغا يىلىنىپ ئېھتىياجىڭنى قامدىشىڭدىن ئابرۇيىڭنى ساقلاپ قالغىنىڭ ياخشى.

* نامەردلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشتىن ئۆلۈم ئەلا.

## سوئال ۋە جاۋاب ھەققىدە

* چىرايلىق سوئال سورىساڭلار، گۈزەل جاۋابقا ئېرىشىسىلەر.
* ئالدىراپ جاۋاب بەرگەن كىشى توغرىنى تاپالمايدۇ.
* جاۋابنىڭ قوپال بولۇپ قېلىشى سوئالنىڭ قوپال بولۇپ قالغانلىقىدىن.
* بىلمىگەن نەرسە سورالغاندا بىلمەيمەن دېيىشتىن خىجىل بولماسلىق كېرەك.
* جاۋاب بېرىش ئېغىر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ناچار سۆز ئىشلەتمە.
* سوئالدىن ئاچچىقلانمىغان كىشى ئەڭ تېز جاۋاب بېرەلەيدۇ.
* كۆپ سوئال سوراش بىزارلىققا سەۋەب بولىدۇ.
* كىچىككىدە سورىغان بولساڭ چوڭ بولغاندا جاۋاب بېرىسەن.

## نارازىلىق ھەققىدە

* كۆپ نارازى بولغان كىشى قانائەت قىلىشنى بىلمەيدۇ.
* تەقدىرگە نارازى بولغان كىشى قورقىنىغا يولۇقىدۇ.

## سېخىيلىق ھەققىدە

* سېخىيلىق گۇناھلارنى تازىلايدۇ ۋە دوستلۇقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.
* سېخىيلىق قولدا بارنى ئېھسان قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ قولىدىكىگە كۆز سالمايدىغان خىسلەتتۇر.

* سېخىيلىق پاراسەتنىڭ مېۋىسىدۇر، قانائەت بولسا ئېسىللىغىنىڭ ئىسپاتىدۇر.
* كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالماسلىق ئەڭ ئېسىل ساخاۋەتتۇر.
* سېخىيلىق ئېسىل خىسلەت، مەرتىۋە ۋە ئالاھىدىلىك دېمەكتۇر.
* سېخىيلىقنىڭ مېۋىسى پاكلىقتىن ئىبارەت.
* ئەڭ ياخشى ساخاۋەت جايىغا يەتكۈزۈلگەن ساخاۋەتتۇر.
* خەير - ئېھسان قىلمىغان كىشى ساخەۋەتكە ئاسىيلىق قىلغان كىشىدۇر.
* سېخىيلىق بىلەن ياشا، چۈنكى ساخاۋەت ئەقلىنىڭ مېۋىسىدۇر.
* كۆپ خەير - ساخاۋەت قىلىش دوستلارنى كۆپەيتىپ، دۈشمەنلەرنى دوستقا ئۆزگەرتىدۇ.
* سېخىيلىق ئادەم سۈرىتىدە بولغان بولسا، چوقۇم قارىغانلارنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل بولاتتى.
* سېخىيلىق سورىغۇچىنى ياخشى كۆرۈش ۋە قولدىن كەلگەننى ئايىماسلىقتۇر.

## ئېزىتقۇ ھەققىدە

* ئېزىتقۇنى ئىزدەپ ماڭغان كىشى كۆپ چارچايدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كېتىدۇ.
* ئېزىتقۇدىن سۇ ئىچىشنى ئۈمىد قىلغان كىشىنىڭ ئۈمىدى يەردە قالىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقى بىلەن جان بېرىدۇ.

* ئېزىتقۇغـا ئالـدىنىپ قالغـان كىشـى ھاياتقـا باغلايـدىغان سەۋەبلەردىن يىراقلىشىپ قالىدۇ.

## مەنىۋىيەت ھەققىدە

* روھىي دۇنيانىڭ پاك بولۇشى ئەقلىنىڭ كامالەت تاپقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

* روھى دۇنياسى پاك، ھاياتتىكى قىلغـان ئىشـلىرى سـەممىي كىشىلەردىن يامانلىقلىرىنى سـاقلاپ قالغـان كىشـى ئۆتـۈق قازانغـان كىشىدۇر.

* ۋىجداننى پاكلىغاندا روھىـي دۇنيـادىكى ئىللەتـلەر ئوتتۇرىغـا چىقىدۇ.

* تاشقى كۆرۈنۈش بۇزۇلغاندا روھىي دۇنيامۇ بۇزۇلىدۇ.

* روھىي دۇنياسى پاك بولغان كىشىنىڭ قىلغان ئىشىمۇ ياخشـى بولىدۇ.

## سىر ھەققىدە

* سىرىڭنى ساقلا، ھېچكىمگە مەخپىيەتلىكىڭنى ئاشكارىلىما.

* مەخپىيەتلىكىڭ ئۆزۈڭـدە قالسـۇن، ئەگەر ئەقىللىـق بىـرىگە سۆزلىسەڭ، بەلكى ئېسىدىن چىقىـپ كېتىـپ ئاشـكارىلاپ قويۇشـى مۇمكىن، ئەگەر نادانغا دېسەڭ ساڭا خىيانەت قىلىشى مۇمكىن.

* ساڭا بېرىلگەن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش، خىيانەتتۇر.

* ئـۈچ كىشــىگە ســر بېرىشــكە بولمايــدۇ: خوتــۇن كىشــى، غەيۋەتخور ۋە ئەخمەق.

* مەخپىيەتلىكىڭنى ساقلىيالىساڭ ساڭا خۇشاللىق بەخش ئېيتىدۇ، ساقلىيالمىساڭ ساڭا ئازاب بولىدۇ.

* سىرداشلىرىڭ كۆپەيگەنسېرى سىرلىرىڭ ئاشكارلىنىشقا باشلايدۇ.

* مەخپىيەتلىكىڭنى ئاشكارىلاپ قويغان كىشى سېنى ۋەيران قىلغان كىشىدۇر.

* مەخپىيەتلىكىنى ساقلىيالىغان كىشى قولىدىن ياخشىلىق كېلىدىغان كىشىدۇر.

* مەخپىيەتلىكىنى ئىشەنچىسىز ئادەمگە تاپشۇرغان كىشى، مەخپىيەتلىكىنى زايا قىلغان بولىدۇ.

* ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىيالمىغان كىشى باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئەلۋەتتە ساقلىيالمايدۇ.

* مەخپىيەتلىكىنى سەندىن يوشۇرغان كىشى ساڭا ئىشەنمىگەن كىشىدۇر.

* مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ئەڭ ئېغىر خىيانەتتۇر.

* نادانغا ساقلىيالمايدىغان سىرنى ئېيتما.

* ھەر سورۇننىڭ سۆزلىرى شۇ سورۇندا قېلىشى كېرەك.

## شادلىق ھەققىدە

* خۇشاللىق روھنى كۆتۈرۈپ، قىزغىنلىقنى يېڭىلايدۇ.

* كىمكى بىر قەلبكە خۇرسەنلىك بەخش ئېتىدىكەن، الله ئاشۇ خۇرسەنلىكتىن ئۇ كىشىگە رەھىم-شەپقەت يارىتىدۇ، ئۇ كىشىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەندە ئۇ رەھىم - شەپقەت ئۇ كىشىنى ئۇ مۇسىبەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

## ئىسراپخورلۇق ھەققىدە

* ئىسراپ ھەممە ئىشتا ئەيىبلىنىدۇ.

* ئىسراپخورنىڭ زايا قىلىۋەتكىنىدىن تېجەشلىكنىڭ چىڭ تۇتقىنى ياخشى.

* ئىسراپ تاغنىمۇ تۈگىتىدۇ.

* تېجەشچان بولۇش ئارقىلىق ئىسراپنى تەرك ئەت، بۈگۈنۈڭدە ئەتىنى ئۇنتۇما!

* ئىسراپتىن ئۇزاق تۇر، چۈنكى ئىسراپخورنىڭ سېخىيلىقى ماختالمىغاندەك، ئۇنىڭغا يوقسۇللۇق ھەم رەھىم قىلمايدۇ.

* ئىسراپخورلۇقتىن ئۇزاق تۇر، ئادالەت بىلەن زىننەتلەن.

* ئىسراپخورلۇق بىلەن پەخىرلەنگەن كىشى يوقسۇللۇق بىلەن خارلىنىدۇ.

* ئىسراپخورلۇق بىلەن باي بولغىلى بولمايدۇ.

## بەخت - سائادەت ھەققىدە

* ھەرقانداق ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىش بەخت - سائادەتنىڭ بەلگىسىدۇر.

* يۈرەكنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن خالىي بولۇشى ئىنساننىڭ بەختىدۇر.

* ياخشىلىقتا بەسلىشىش ۋە ھالال ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* پانىيدىن قول ئۈزۈپ باقىيغا يۈزلىنىش كىشىنىڭ بەختىدۇر.

* بەختسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتمىغۇچە سائادەتنىڭ تەمىنى تىتىيالمايسەن.

* ياخشىلىقنى جايىغا يەتكۈزەلىگەن كىشى بەختكە ئېرىشكەن كىشىدۇر.

* ياخشىلىقنى قەدىرلەيدىغان، خەير - ساخاۋەتتىن تانمايدىغان كىشىگە ياخشىلىق قىلالىغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر.

* بەخت بەختسىزلىككە بەك يېقىن.

* بىكارچىلىق ۋە ھورۇنلۇق بىلەن بەخت - سائادەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

* جازادىن قورقۇپ ئىمان ئېيتقان، ساۋابنى كۈتۈپ ياخشى ئەمەل قىلغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر.

* ئەڭ بەختلىك كىشى بولماقچى بولساڭ، بىلگىنىڭگە ئەمەل قىل.

## ئالدىراش ۋە ھەرىكەت ھەققىدە

*سېنى ئىسلاھ قىلغان ۋە ساۋابقا ئېرىشتۈرگەن ھەرىكەت ھەرگىز زايا بولۇپ كەتمەيدۇ.

* تېز ھەرىكەت قىلغان كىشى مەنزىلگە چاققان يېتىپ بارىدۇ.

* ئىشلىرى پاك بولغان كىشىنىڭ ئېرىشكەنلىرى بەرىكەتلىك بولىدۇ.

* كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلساڭ، كىشىلەر سېنىڭ ھەققىڭدە بىلمىگەنلىرىنىمۇ سۆزلەيدۇ.

## گالۋاڭلىق ھەققىدە

* گالۋاڭلىق ھاقارەتكە ئۇچراشنىڭ سەۋەبىدۇر.

* گالۋاڭلىقتىن ئۇزاق تۇر، چۈنكى گالۋاڭلىق كىشىنى ھاقارەتكە دۇچار قىلىدۇ.

* گالۋاڭلىق كۆپىنچە ھالەتتە ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولىدۇ ۋە ئاداۋەت ئېلىپ كېلىدۇ.

* سەت گەپلەر بىلەن شۇغۇللانغانلار ئەڭ گالۋاڭ كىشىلەردۇر.

* گالۋاڭغا كايىغان كىشى ئۆزىگە گەپ تېپىۋالىدۇ.

* گالۋاڭ بىلەن بىرلىكتە بولۇش ئەخلاقنى بۇزىدۇ.

## تەمكىنلىك ھەققىدە

* تەمكىن بولۇش ئەقلىنىڭ زىنىنىتىدۇر.

* خاتىرجەملىك ئەقلىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* تەمكىنلىكتىن ئايرىلما، چۈنكى ئۇ ئەڭ ئېسىل خىسلەت.

* كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەمكىن بول، يالغۇز قالغاندا اللهقا زىكىر ئېيتىپ تۇر.

* تەمكىنلىكى زىيادە بولغان كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ.

* كىشىنىڭ تەمكىنلىكى ئۇنىڭغا زىننەت بولسا، ئىككىلىنىشى ئۇنىڭغا ھاقارەتتۇر.

* قېرىلىقنىڭ تەمكىنلىكى ياشلىقنىڭ چەبدەسلىكىدىن ياخشى.

## تىنچلىق ھەققىدە

* تىنچلىق رەھىمدىللىكنىڭ مېۋىسىدۇر.

* تىنچلىق سالامەتلىكنىڭ سەۋەبى ۋە الله يولىدا مەھكەم تۇرۇشنىڭ بەلگىسىدۇر.

* كىشىلەر بىلەن تىنچ ياشىساڭ، سالامەت قالىسەن، قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ئىشلىسەڭ، غەلىبە قىلىسەن.

* تىنچلىقنىڭ ئاقىۋىتىدەك خاتىرجەم ۋە ياخشى ئاقىۋەت يوق.

## ئىتائەتمەنلىك ھەققىدە

* اﷲقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت.

* اﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ئىماننىڭ ئاساسىدۇر.

* اﷲقا ئىتائەت قىلغان كىشىنى اﷲ قوغدايدۇ، اﷲقا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلارنى اﷲ بوش قويۋەتمەيدۇ.

## سالامەتلىك ھەققىدە

* مەڭگۈلۈك سالامەتلىكنى تەلەپ قىلغان كىشى اﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

* سالامەتكە رىغبەتتى بولغان كىشى ئۆزىگە اﷲ يولىدىكى ئىستىقامەتنى لازىم قىلىدۇ.

* سالامەتلىكنى تەلەپ قىلغان كىشى ئاددىيلىقنى تاللىشى كېرەك، راھەتنى تەلەپ قىلغان كىشى زاھىدلىقنى.

## رايىشلىق ھەققىدە

* زېھنى ئوچۇق كىشىگە ئىلىم ئۆگىتىش ئىلىمنى زىيادە قىلىدۇ.

* ئاڭلا بىلىسەن، تىلىڭنى يىغ خاتىرجەم بولىسەن.

* ياخشى قۇلاق سالغان كىشى، تېز نەپكە ئېرىشىدۇ.

* قۇلىقىڭنى ئاڭلاشقا كۆندۈر، ساڭا پايدىسى بولمىغان گەپكە قۇلاق سالما، چۈنكى ئۇ يۈرەكنى داتلاشتۇرۇپ، مالامەتكە قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

* ئاڭلىغۇچى گەپ قىلغۇچى بىلەن شېرىكتۇر.

## يامانلىق ھەققىدە

* يامانلىق قىلساڭ ئۆزۈڭنى خارلىغان، پايداڭنى زىيانغا تېگىشكەن بولىسەن.

* يامانلىققا شۈكۈر قىلغان كىشى مەسخىرىگە قالىدۇ.

* پۇقرالىرىغا يامانلىق قىلغان كىشى ھەسەتخورلىرىنى خۇشال قىلىدۇ.

* كىشىلەرگە يامان مۇئامىلە قىلساڭ، كىشىلەرمۇ يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

* يامانلىق مەيداندا يورغىلىغان كىشى يورغىلاۋېتىپ يىقىلار.

## ئالىيجانابلىق ھەققىدە

* ئالىيجاناب ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەت قىلىشىغا دۇچار بولىدۇ، سېخىي بولسا كىشىلەر تەرىپىدىن سۆيۈلىدۇ.

* قېرىنداشلىرىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ، قوشنىلىرى بىلەن ياخشى ئۆتكەن كىشى ئالىيجانابتۇر.

* ئالدىماستىن ھەمكارلاشقان ۋە ھەر خىل ئارزۇ - ئارمانلارغا ئالدانمىغان كىشى ئېسىل كىشىدۇر.

* ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ، ياردەم قولىنى سۇنغان كىشى ئېسىل كىشىدۇر.

* ئېسىللىكنىڭ پەزىلىتى ئىبادەتنى ياخشى قىلىشتا.

* دوستلىرى ئۆزىدىن باشقا بىرىگە موھتاج بولغان كىشى ئېسىل كىشى بولالمايدۇ.

* ياخشىلىق قىلماستىن ۋە ئېغىرلىقلارنى كۆتۈرمەستىن ئېسىللىك تاماملانمايدۇ.

## بىدارلىق ھەققىدە

* اللهنى زىكىر قىلىپ بىدار بولغانىنىڭ خالىس ئىبادىتى بولغىنىدەك، اللهقا يېقىن كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىدۇر.

* اللهنى زىكىر قىلىپ كېچىلەرنى بىدارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈش بەختلىك كىشىلەرنىڭ پۈرستى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئارامگاھىدۇر.

* كېچىلىرى كۆپ ئۇخلىماڭلار، قورسىقىڭلارنى ئاچ تۇتۇڭلار، روھىڭلارنى پاك تۇتۇڭلار.

## يۈرۈش - تۇرۇش ھەققىدە

* يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ ياخشى بولۇشى مەنىۋىيەتنىڭ ئېسىللىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

* يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ ياخشى بولۇشى قۇدرەتنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئەمرلىكنىڭ قوغدالغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

* يۈرۈش - تۇرۇشى ناچار بولغان كىشىنىڭ ئۆلۈمى خۇشاللىققا سەۋەب بولىدۇ.

## سىياسەت ھەققىدە

* سىياسـەتنىڭ ئەڭ قـىيىن بـولغىنى كۈنـۈپ قالغـان خـۇينى ئۆزگەرتىشتۇر.

* سىياسـەتنىڭ گـۈزەللىكى ھـاكىمىيەتتە ئـادالەت، كـۈچى يەتكەندە كەچۈرۈشتە نامايان بولىدۇ.

* ياخشى سىياسەت يۈرگۈزۈش پۇقرانىڭ تۈۋرۈكىدۇر.

* ياخشـى سىياسـەت ھـاكىمىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشـنىڭ ئاساسىدۇر.

* سىياستى ياخشى بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش كېرەك.

* سىياسـتى ياخشـى بولغـان كىشـىنىڭ ھـاكىمىيتى ئـۇزۇن بولىدۇ.

* سىياسەتتە خاتالاشقان كىشى تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ.

* سىياسەتتىكى ئادالەتتەك ھۆكۈمرانلىق يوقتۇر.

* تەخـتكە ئىنـتىلگەن كىشـى سىياسـەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغـا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك.

# 11- باب

## ياشلىق ھەققىدە

* ياشلارنىڭ نادانلىقىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ چۈنكى ياشنىڭ بىلىمى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

* ياشلىق بىلەن قېرىلىق بىرلەشمەيدۇ.

## ئوزۇقلىنىش ھەققىدە

* سېمىزلىكتىن ئۆزاق تۇر، چۈنكى ئۇ كېسەلنىڭ مەنبەئىدۇر.

* سېمىزلىك ھوشيارلىققا توسالغۇ بولىدۇ.

* سېمىزلىككە بوزەك بولغان كىشى زېرەكلىكتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* تاماقنى جىق يېيىش ھېكمەتنى بۇزىدۇ.

* قورساق ھالال نەرسە بىلەن تولغاندا يۈرەك ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* تەقۋادارلىقنىڭ ئەڭ ناچار ھەمراھى توقلۇقتۇر.

* داۋاملىق توق تۇرۇش كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* داۋاملىق توق تۇرۇشتىن ئۆزاق بول، چۈنكى ئۇ كېسەللەرنى قوزغايدۇ.

## شىجائەت ھەققىدە

* باتۇرلۇق ئاشكارا پەزىلەتتۇر.

* باتۇرلۇق ئىززەت، قورقۇنچاقلىق ئاشكارا خارلىقتۇر.

* كىشــــىنىڭ بـــاتۇرلۇقى ئۇنىـــڭ ھىممىـــتىگە، جاســـارىتى كەسكىنلىكىگە باغلىق.

* باتۇرلۇق ھىممەتكە قارىتا بولىدۇ.

* ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىش باتۇرلارنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ.

* باتۇرلۇقنىڭ ئاپىتى ئەقىلنى ئىشلەتمەسلىكتە.

## يامانلىق ھەققىدە

* يامانلىققــا ئارىلىشــىپ قېلىشــتىن ھەزەر ئەيــلە، چــۈنكى ئــۇ دۈشمىنىڭگە يېتىشتىن بۇرۇن ساڭا يېتىدۇ، باشقىلارغا ئۇلىشىشــتىن ئىلگىرى دىنىڭنى ۋەيران قىلىدۇ.

* يامانلىقنى كېچىكتۈرۈش ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىدۇر.

* پۇرسەتلىرىدىن كۆرەڭلەش ۋە قىلغــان ئىشــىغا تــايىنىش ئەڭ قورقۇنچ يامانلىقتۇر.

* يامـــانلىق ئارقانلىرىغـــا باغلىنىـــپ قىلىـــش ئىشـــلارنىڭ نەتىجىلىرىنى بۇزىدۇ.

* ئاۋامنىڭ ۋەيران بولۇشىدا يامانلىقتەك رول ئوينايــدىغان باشــقا بىر نەرسە يوق!

* يامانلىق دولقۇنىغا ئــۆزىنى ئاتقــان كىشــى قورقىنىغــا دۈچــار بولىدۇ.

* يامانلىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ دوستى خاتىرجەم ئەمەس.

* يامـــانلىقنى تاشـــلىغان كىشـــىگە ياخشـــىلىق ئىشـــىكلىرى ئېچىلىدۇ.

* يامانلىقتىن بىنا سالغان كىشى بىنانى ئۆز ئۈستىگە تىكلەيدۇ.

* كىشىگە يامانلىق پىلانلىغان يامانلىقنى ئۆزىدىن باشلىغان بولىدۇ.

* قەلبى يامانلىقتىن پاك بولغان كىشىنىڭ دىنى ساغلام، ئىشەنچىسى كامىل بولىدۇ.

* يامانلىقنىڭ زىيىنىنى بىلمىگەن كىشى يامانلىقتىن ساقلىنالمايدۇ.

* يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن توسقان كىشى غەلىبە قىلىدۇ.

* ياماننى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش ئەڭ ناچار ھىيلەدۇر.

* بىر ئىشتا يامانلىق كۆرسەڭ ئۇنىڭدا، ياخشىلىق بار دەپ ئويلىما.

* كىشىنىڭ ناچارلىقى ئاچ كۆزلۈكتە ئاشكارا بولىدۇ.

* يامانلىق ئاچ كۆزلۈكنىڭ يولى، ھاۋايى - ھەۋەس بولسا پىنتە - پاساتنىڭ ۋاستىدۇر.

* يامانلىق ئەڭ ناچار ئىشىك، يامانلىق قىلغۇچى بولسا ئەڭ ناچار ھەمراھتۇر.

* ھەر كىشىنىڭ تەبىئىتىدە يامانلىق بار، كىشى تەبىئىتىنى بويسۇندۇرالىسا، يامانلىق يوقىلىدۇ ئەگەر ئاجىز كەلسە، يامانلىق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

* كىشىنىڭ يۈرىكىدىكى يامانلىقنى ئۆز يۈرىكىڭدىكى قورغان بىلەن توسۇپ قال.

* ناچارلارنىڭ ئادىتى ياخشىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشتۇر.

* يامانلىق بىلەن غەلىبىگە ئېرىشكەن كىشى مەغلۇپ بولىدۇ.

* ناچار كىشى ھېچبىر كىشى ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر كىشىنى ئۆزىگە ئوخشاش دەپ ئويلايدۇ.

* ناچارلارنىڭ دۆلىتى ياخشىلارغا ئاپەتتۇر.

## شان - شەرەپ ھەققىدە

* شەرەپ چىرىپ كەتكەن سۆڭەك بىلەن ئەمەس، ئالىي ھىممەت بىلەن قولغا كىلىدۇ.

* شەرەپ مال ۋە نەسەب بىلەن ئەمەس ئەقىل ۋە ئەدەپ بىلەن قولغا كىلىدۇ.

* كىشىنىڭ شەرىپى پاكلىقىدا، گۈزەللىكى بولسا ئادەمگەرچىلىكىدە.

* ئۆز ماھىيىتىنىڭ شەرىپىنى بىلگەن كىشى ئۆزىنى ناچار ئارزۇلىرى ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىدىن قوغداپ قالىدۇ.

* شەرەپ سېخىيلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەنلا تاماملىنىدۇ.

## ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە

* ئاچ كۆزلۈك نەپسىگە داغ چۈشۈرىدۇ، دىنىنى بۇزىدۇ ۋە ياشلىقىغا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ.

* ئاچ كۆزلۈكتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، بەزىدە بىرەر لوقما بىرنەچچە لوقمىنى توسۇپ قالىدۇ.

* ئاچ كۆزلۈك ۋە تاماخورلۇقنىڭ پەسكەشلىكىدىن يىراق تۇرۇڭلار، ئۇ يامانلىقنىڭ بېشى، خارلىقنىڭ مەنبەسى، نەپسىنى خار قىلغۇچىدۇر.

* ئاچ كۆزلۈكنىڭ مېۋىسى نۇقسانلارغا ھۇجۇم قىلىشتۇر.

* ھەر نەرسىنىڭ ئۇرۇقى بار، يامانلىقنىڭ ئۇرۇقى ئاچ كۆزلۈكتۇر.

## شۇغۇللىنىش ھەققىدە

* قىيامەت كۈنى سورىلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بول.
* ئەھەممىيەتسىز ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم، ئەڭ مۇھىم ئىشنى زايا قىلغان بولىدۇ.

## شاپائەت ھەققىدە

* گۇناھكارنىڭ شاپائەتچىسى ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشىدۇر، ئۇنىڭ تەۋبىسى كەچۈرۈم سورىشىدۇر.

## بەختسىزلىك ھەققىدە

* ھەرقانداق بەختسىزلىكتىن كېيىن باياشادلىق بار.
* شۆبھىلىنىش بىلەن ئىشەنچىسىنى يوقاتقان كىشى ئەڭ بەختسىز كىشىدۇر.
* قىيامەت كۈنىدىكى مۇكاپاتنى ۋەيران قىلىش بەختسىزلىكتۇر.
* ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن مەغرۇرلانغان، خىياللىرى بىلەن تەسەللى تاپقان كىشى بەختسىز كىشىدۇر.
* مال ـ دۇنيا توپلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئەجەلنىڭ ئۇنى پايلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان بىتەلەيلەر.

## شۈكۈر ھەققىدە

* نېمەتكە شۈكۈر قىلىش بۇرۇنقى نېمەتلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى نېمەتلەرنىڭ جەلىۋىسىدۇر.
* شۈكۈر قىلىنىغان ياخشىلىق قىممەتلىك، چۈنكى شۈكۈر مەڭگۈ قالىدۇ.

* ﷲنىڭ ساڭا بەرگەن نېمەتلىرىگە قىلىدىغان شۈكۈرلىرىڭ، ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق نامايان بولسۇن.

* نېمەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە شۈكۈر، ئاپەتتىن قوغدىلىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە بولسا سەۋر قىلىشتۇر.

* كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا نېمەتكە ئەڭ لايىق كىشى نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان كىشىدۇر.

* شۈكۈر قىلىش نىيەتنىڭ تەرجىمانى ۋە قەلبنىڭ تىلىدۇر.

* شۈكۈر باياشادلىقنىڭ زىننىتى ۋە نېمەتلەرنىڭ قورغىنىدۇر.

* نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش قازانىڭ ئالدىنى ئالار.

* نېمەتكە شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ زىيادىلىشىشىگە سەۋەبتۇر.

* نېمەتكە شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ داۋاملىشىشىدۇر، نېمەتكە شۈكۈر قىلماسلىق نېمەتنى تونۇمىغانلىقنىڭ پاكىتىدۇر.

* نېمەتكە شۈكۈر قىلىش قازانىڭ قالقىنىدۇر.

* نېمەت ئاتا قىلغاننى زىكىر قىلغان كىشى نېمەتكە شۈكۈر قىلغان كىشىدۇر.

* كەلگۈسىدىكى نېمەتلەرنى شۈكۈر ئارقىلىق چاقىرىڭلار، چۈنكى قاچقاننىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىنىشتىن مەھرۇم ئەمەس.

* شۈكۈر باشقىلار سىنالغان قىيىنچىلىقلارغا سېنىڭ دۇچار بولماسلىقىڭنىڭ سەۋەبى بولسۇن.

* شۈكۈرلىرى كۆپ بولغان كىشىگە بېرىلىدىغان نېمەتلەر ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

* شۈكۈر قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىگە نېمەتلەر داۋاملىق بېرىلىدۇ.

* نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان كىشى ئاپەتلەرگە سەۋرقىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

* نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغان كىشىنىڭ ھايۋانلاردىن سانىلىشى كېرەك.

* نېمەتنى شۈكۈر بىلەن قوغدىمىغان كىشى نېمەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

* نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغان كىشى نېمەتلەردىن مەھرۇم قالار.

* باياشادلىقتا شۈكۈر قىلغان، قىيىن كۈنلەردە سەۋر قىلغان كىشىلەردىن بول.

## شۈبھىلىنىش ھەققىدە

* شۈبھىلىنىش ئىشەنچنى يېقىتىدۇ ۋە دىننى ۋەيران قىلىدۇ.

* شۈبھىلىنىش نادانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

* شۈبھىلىنىش يۈرەكنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرىدۇ.

* ئىشەنچنىڭ ئاپىتى شۈبھىدۇر.

* شۈبھىنىڭ داۋاملىشىشى شېرىككە ئېلىپ بارىدۇ.

* شۈبھىلىك ئىش قىلىش نومۇس، غەيۋەتكە بېرىلىش ئوت بىلەن باراۋەردۇر.

*ھەر كىشىنىڭ ھاجىتى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن شۈبھىلىنىشتىن ئۇزاق تۇرۇڭلار.

* كۆپ شۈبھىلەنگەن كىشى كۆپ غەيۋەت قىلىدۇ.

* شۈبھىلىنىش ئاشكارىلانغاندا گۇمانلار خاتالىشىشقا باشلايدۇ.

* سېنى شۈبھىلەندۈرگەن نەرسىنى قويۇپ، شۈبھىلەندۈرمىگەن نەرسە بىلەن شۇغۇللان.

* شۈبھىلەنگەن كىشىنىڭ دىنى يوق، غەيۋەتخورنىڭ ئادەمگەرچىلىكى.

## مەسلىھەت ھەققىدە

* كۆز قاراشتا ئورتاقلىشىش توغرىنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.
* ئەقىللىق دۈشمىنىڭدىن مەسلىھەت سورا، نادان دوستۇڭدىن ھەزەر ئەيلە.
* پىكىرلەرنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرساڭلار، توغرا پىكىر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.
* مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش ساڭا راھەت، دۈشمەنگە جاپا.
* مەسلىھەتلىششقا ئەڭ مۇۋاپىق كىشى تەجرىبە ئىگىلىرىدۇر، ناچار كىشىلەر بولسا، ئەيىبى كۆپ ئىنسانلاردۇر.
* مەسلىھەت بەرگۈچىنىڭ نادانلىقى مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ ھالاكىتىدۇر.
* ئىلىمگە ئالىملارنىڭ ئىلمىنى، پىكىرگە دانالارنىڭ پىكرىنى بىرلەشتۈرۈش ئەقىللىقلارنىڭ ئىشىدۇر.
* مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىپ، ئىستىپداتتىن يىراق تۇرۇش، ئەقىللىق كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇر.
* بىر ئىش قىلىشقا قارار بېرىشتىن ئىلگىرى مەسلىھەت سورا، قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى ئويلان.
* مەسلىھەت بەرگۈچىسى ئېزىپ كەتكەن كىشىنىڭ تەدبىرلىرى ۋەيران بولىدۇ.

* مەسلىھەت سورىغان كىشىگە مەسلىھەت بەرگەن كىشىنىڭ تەدبىرلىرى ئىشقا يارايدۇ.

* مەسلىھەت سورىغان كىشىنى ئالدىغان كىشى تەدبىردىن مەھرۇم قالىدۇ.

* ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن كىشى مەشئىلى بىلەن يولغا چىققان بولىدۇ.

* ئەقىل ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ مەسلەھىتىنى ئالغان كىشى ئۇتۇقلۇق ۋە توغرىلىققا ئېرىشىدۇ.

* كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىغانلار ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

* توغرىنى تېپىشتا مەسلىھەتتەك ياخشى يول يوق.

* دۈشمىنىڭدىن مەسلىھەت سورىما، ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ قال.

* يالغانچىدىن مەسلىھەت سورىما، چۈنكى ئۇ ئېزىتقۇغا ئوخشاش يىراقنى يېقىن، يېقىننى يىراق كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى مەسلىھەتتىن ۋاز كەچمەيدۇ.

* مەسلىھەتلىشىشتىن پۇختىراق غالىبىيەت يوق.

## شەھۋەت ھەققىدە

* شەھۋەتلەر ئۆلتۈرگۈچى كېسەللەردۇر، بۇ كېسەللەرنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى سەۋر قىلىشتۇر.

* شەھۋىتىنى يېڭەلىسەڭ ئىلىم - ھېكمەتتە كامالەت تاپىسەن.

* يۈرىكىڭلارنى شەھۋەتنىڭ باشقۇرۇشىدىن يىراق تۇتۇڭلار، چۈنكى شەھۋەتنىڭ باشلىنىشى پادىشاھ تەختكە چىققاندەك بولغان بىلەن، ئاقىۋىتى ھالاكەت بولىدۇ.

* شەھۋەتتىن قول ئۈزۈش ئەڭ ياخشى ئىبادەت ۋە ئەڭ ئېسىل ئادەتتۇر.

* شەھۋەتنىڭ لەززىتىنى رەسۋالىقنىڭ نومۇسى ۋەيران قىلىدۇ.

* شەھۋەتكە بويسۇنۇش ھالاكەت، شەھۋەتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىقىش بولسا پادىشاھلىقتۇر.

* شەھۋەتكە باغلانغان يۈرەك ئىبرەتلەردىن پايدىلىنالمايدۇ.

* شەھۋەتنىڭ غالىب بولۇشى ھالاكەتنىڭ دەھشىتىدۇر، ئۇنى سۇندۇرۇش شەرەپلىك تەختتۇر.

* شەھۋەتكە ھەمراھ بولغانلار گۇناھلارغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ.

* شەھۋىتىنى باشقۇرالىغان كىشىنىڭ ئەقلى نامايەن بولىدۇ.

* شەھۋىتى كۆپ بولغان كىشىنىڭ چىقىمى ئېغىر بولىدۇ.

* شەھۋەتكە ئالدىرىغانلارغا مالامەت ئالدىراپ كېلىدۇ.

* شەھۋىتىنى كونترول قىلغان كىشىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى كامالەت تېپىپ، ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ.

* شەھۋەتكە بويسۇنغانلىقتىن گۇناھلار ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

* شەھۋەتكە بېرىلگەن كىشى ئاپەتلەرنىڭ قۇربانى، گۇناھلارنىڭ ھەمراھى ۋە تۈزەلمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلغۇچىدۇر.

* شەھۋىتىڭ بىلەن غەزىپىڭدە ھەددىڭدىن ئاشساڭ، خار بولىسەن.

* تەقۋادارلىقنى شەھۋەتتىن باشقا نەرسە ۋەيران قىلالمايدۇ.

# 12- باب

## سەۋر ھەققىدە

* قازاغا سەۋر قىلىش باياشادلىقتىكى خاتىرجەملىكتىن ياخشى.

* سەۋر ئەڭ ئېسىل خىسلەت، ئىلىم بولسا ئەڭ شەرەپلىك زىننەت ۋە نېمەتتۇر.

* سەۋر دېگەن كىشىنىڭ ئاپەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئاچچىقىنى يۇتۇشى دېمەكتۇر.

* سەۋر ئىككى خىل بولىدۇ بىرى، سەن ياخشى كۆرمىگەن نەرسىنىڭ ساڭا يۈزلىنىشىگە سەۋر قىلىش، يەنە بىرى، سەن ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭگە سەۋر قىلىشتۇر.

* سەۋر ئىماننىڭ ئەڭ ئېسىل زىننىتى ۋە ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل خىسلىتىدۇر.

* شەھۋەتكە بېرىلمەسلىك ئىپپەت، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ئەركەكلىك، گۇناھتىن ئۇزاق تۇرۇش بولسا تەقۋادارلىقتۇر.

* سەۋر ئىككى خىلدۇر: قازاغا سەۋر قىلىش، بۇ بىر ئىبادەت، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى الله ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشتۇر.

* باي تۇرۇپ ئۆزىنى خار قىلغاندىن، پېقىر تۇرۇپ شەرەپ بىلەن ياشىغان ياخشى.

* دەرد - ئەلەمگە سەۋر قىلىش ئارقىلىق مۇھىم پۇرسەتلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* ھەقىقەتنىــڭ ئــاچچىق رېئاللىقلىرىغــا ســەۋر قىــل، لــېكىن باتىلنىڭ لەززەتلىرىگە ئالدانما.

* سەۋرنى قولدىن بەرمەڭلار، چۈنكى سەۋر ئىماننىــڭ تــۈۋرۈكى ۋە ئىشلارنىڭ ئاساسىدۇر.

* دەرد - ئەلەمگە سەۋر قىلىش سەۋرنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

* ياخشى كـۆرگەن نەرســدىن ئايرىلغانغــا ســەۋر قىلىــش ئەڭ ئەۋزەل سەۋردۇر.

* قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىش ئەڭ ياخشى قورالدۇر.

* ســەۋر ئادەمنىــڭ قىممىتىنــى كۆتۈرســە، زارلىــنىش ئادەمنىــڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ.

* سەۋر غەلىبىگە كېپىل بولىدۇ.

* سەۋر غەلىبىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* مۇشــەققەتلەردە ســاڭا ئەڭ كـۆپ يــاردەم قىلىــدىغان نەرســە سەۋردۇر.

* قىيىنچىلىقلاردا ئەڭ ياخشى ياردەمچى سەۋردۇر.

* دەرد ـ ئەلەمگە سەۋر قىلىش پۇرسەتكە ئېرىششــكە ئېلىــپ بارىدۇ.

* مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ئەڭ ياخشى پەزىلەتتۇر.

* سەۋر قىلساڭ كاتتىلاردەك بولىسەن، زارلانساڭ هايۋانلاردەك.

* سەۋر قىلىش غەلىبىنىڭ بېشارىتىدۇر.

* سەۋر قىلىش ھەر ئىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

* سەۋر قىلىش قىيىنچىلىقلارغا ياردەمچى بولىدۇ.

* سەۋر غەلىبىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ھاياتىنى سەۋر ئۈستىگە قۇرۇپ، ئۆلۈمگە تەقۋادارلىق بىلەن تەييارلىق قىلغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* سەۋرنى نىجاتلىقنىڭ تەقۋادارلىقنى ئۆلۈمنىڭ تەييارلىقى دەپ بىلگەن كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* سەۋرچانلىق ياخشى كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

* سەۋرچان بول، چۈنكى ئۇ بىر قورغان ۋە اللهقا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئىبادىتىدۇر.

* سەۋرچان بول، چۈنكى ئەقىللىق سەۋر بىلەن ياشايدۇ، نادانمۇ چارىسىز قالغاندا سەۋرگە يېلىنىدۇ.

* سەۋرچان بول، چۈنكى سەۋر پاراسەت ئىگىسىنىڭ ھايات يولى، شۇنىڭدەك زارلىغانلارنىڭمۇ ئاخىرقى پاناھىدۇر.

* مۇسىبەتكە ئارقا-ئارقىدىن دۇچ كەلگەندە سەۋرنىڭ پەزىلىتى نامايان بولىدۇ.

* مۇدھىش كۈنلەردە سەۋرنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* سەۋرچان كىشى - ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ كەتسىمۇ، غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

* ئاچچىق مۇسىبەتكە تاتلىق سەۋر بىلەن تاقابىل تۇر.

* غەلىبىنىڭ كېپىلى سەۋردۇر.

* سەۋردىن ياردەم تەلەپ قىلغان كىشى غەلىبىدىن مەھرۇم بولمايدۇ.

* سەۋر قالقىنى بىلەن قوغدالغان كىشى مۇسىبەتلەرنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەيدۇ.

* ئەزىيەتكە سەۋر قىلىدىغان كىشى تەقۋادارلىقىدا راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان كىشىدۇر.

* ئېسىل خىسلەت ئىگىسى بولۇشنىڭ بەلگىسى قازاغا سەۋر قىلىشتۇر.

* ئاچچىق ئەلەملەرگە سەۋر قىلغان كىشى تەقۋادارلىقتا راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان كىشىدۇر.

## راستچىللىق ھەققىدە

* راستچىللىق ئىماننىڭ بېشى ۋە ئىنساننىڭ زىنىنىتىدۇر.

* پايدىسىنى كۆتۈۋاتقان يالغانچىلىقتىن، زەرىرىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان راستچىللىق ئەۋزەل.

* راستچىللىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سېخىيلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولسا قېيىن ئەھۋالدىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

* راستچىللىق ئامانەت، يالغانچىلىق خىيانەت.

* راستچىللىق پەزىلەت، يالغانچىلىق رەزىللىكتۇر.

* راستچىللىق نىجاتلىق، يالغانچىلىق رەسۋالىقتۇر.

* راستچىللىق تىلنىڭ ئامانىتىدۇر.

* راستچىللىق ھەقىقەتنىڭ تىلىدۇر.

* راستچىللىق، سۆزنىڭ ئىلاھىي قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

* دىنىنىڭ ئاساسى نېگىزى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت: راستچىللىق ۋە ئىشەنچ.

* راستچىل بول، چۈنكى سۆزلىرىدە راستچىل بولغان كىشىنىڭ قىممىتى ئۆسىدۇ.

* تىللاردا راستچىللىق ئازىيىپ، يالغانچىلىق تارقالدى، مېھىر - شەپقەت كېتىپ، نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك قالدى.

* ھەر نەرسىنىڭ زىنىنىتى بار، سۆزنىڭ زىنىنتى راستچىللىق.

* نەرسىلەر زاتىغا قايتسا، راستچىللىق باتۇرلۇققا، يالغانچىلىققا قورقۇنچاقلىق قايتاتتى.

* شۈكۈر قىلمايدىغان مىراسخورغا مال - دۇنيادىن راستچىل تىل ياخشىراقتۇر.

* سۆزلىرى راست بولغان كىشىنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ.

* راستچىللىقىڭغا ئىشەنمەيدىغانلارغا راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلما.

* راستچىللىق سېنى قورقۇتقان بىلەن يەنىلا سېنى قۇتقۇلدۇرىدۇ.

* راستچىل ئەزىز ۋە كاتتىدۇر، يالغانچى بولسا، خارۇ - زاردۇر.

* دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەققىدە بەزى راستچىللارمۇ ئالدىڭدا يالغانچى بولۇپ قالىدۇ.

* سۆزلىرى راست بولغان كىشىنىڭ گېپى كۈچلۈك بولىدۇ.

* يالغانچى يالغىنى بىلەن ئېرىشەلمىگەنگە راستچىل راست گېپى بىلەن ئېرىشىدۇ.

* راستچىل راست سۆزى بىلەن ئۈچ نەرسىگە ئېرىشىدۇ: كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى، كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىشى.

## ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە

* ئۆزىنى تۈزەتمىگەن قانداقمۇ كىشىلەرنى تۈزەتسۇن؟!

* يامان ئىش قىلغان بولساڭ تۈزىتىۋال، ياخشى ئىش قىلغان بولساڭ داۋاملاشتۇر.

## كەم سۆزلۈك ھەققىدە

* كەم سۆزلۈك ساغلام ئېغىر - بېسىقلىق لىباسىنى كىيدۈرىدۇ ۋە سېنى كەچۈرۈم سوراش ئېغىرچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

* كەم سۆز بول، نىجاتلىق ۋە سالامەتلىك ساغلام يار بولىدۇ، قانائەتچان بول، بايلىق ۋە ھۆرمەت سېنىڭ بىلەن بولىدۇ.

* كەم سۆزلۈك لازىم بولغان يەردە سۈكۈتتەك پاساھەت يوق.

* پىكىر قىلماستىن جىمغۇر بولۇۋېلىش گاچىلىقتۇر.

* كەم سۆزلۈك ئېسىللىكىنىڭ بەلگىسى، شۇنىڭدەك ئەقلىنىڭ مېۋىسىدۇر.

* كەم سۆزلۈك ئىلىمنىڭ زىنىنتى، شۇنىڭدەك سالاپەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

* سۆزلەشتە پاساھەت بولسا، جىمغۇرلۇقتا خاتالىقتىن خالىي بولۇش بار.

* سۆز ئېغىزىڭدىن چىقىپ كەتسە سېنى باشقۇرىدۇ، ئېغىزىڭدىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى سەن ئۇنى باشقۇرىسەن.

* بەزىدە كەم سۆزلۈك گەپ قىلىشتىن پاساھەتلىكراقتۇر.

* باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغان سۆزدىن، سالامەتلىكە ئېرىشتۈرىدىغان جىمغۇرلۇق ياخشى.

* نادامەت ئۇتىغا ئاتىدىغان سۆزدىن ھۆرمەت لىباسى كىيدۈرىدىغان سۈكۈت ياخشى.

* ئار - نومۇسقا قويىدىغان بىر ئېغىز سۆزدىن سالاپەت ئاتا قىلىدىغان جىمغۇرلۇق ئەلا.

* ئاقىۋەتى ئۆكۈنۈشكە سەۋەب بولىدىغان سۆزدىن ئاقىۋەتى خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان جىمغۇرلۇق ياخشى.

* جىق گەپ قىلىپ باشقىلارنى بىزار قىلغاندىن، سۆز قىلىندىغان دەرىجىدىكى جىمغۇرلۇق ياخشى.

* نادانىنىڭ جىمغۇرلۇقى نادانلىقىنى چاندۇرمايدۇ.

* جىمغۇرلۇق كۆپىنچە ھالدا سالاپەت ئاتا قىلىدۇ.

* جىمغۇر بول، چۈنكى جىمغۇرلۇق ئالىمنىڭ زىننىتى ۋە نادانىنىڭ نادانلىقىنى يوشۇرىدىغان پەردىسىدۇر.

* جىق گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشى كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

* ئېغىر - بېسىقلىقىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى جىمغۇرلۇقتۇر.

* گەپ قىلماي سالامەتلىككە ئېرىشكەن كىشى بىلەن گەپ قىلىش ئارقىلىق غەنىمەتكە ئېرىشكەن كىشىنىڭ پەرقى يوقتۇر.

## مۇسىبەت ھەققىدە

* ئەڭ كاتتا مۇسىبەت مۇسىبەتكە سەۋر قىلالماسلىقتۇر.

* مۇسىبەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا باراۋەر تەقسىم قىلىنغان.

* الله ـ تائالانىڭ ساڭا ئارقا - ئارقىدىن مۇسىبەتلەر يوللىغانلىقىنى كۆرسەڭ الله تائالانىڭ سېنى ئويغىتىپ قويماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋال.

* مۇسىبەتلەر ئېغىرلاشقانسېرى خۇشاللىق يېقىنلىشىدۇ.

* قازاغا يولۇقساك تەن بەر، قازاغا قارشى تۇرۇشۇڭ قازانىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

* مۇسىبەتنىڭ ئېغىرلىقى مەرتىۋىنىڭ ئالىيلىقىغا باغلىق.

* قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق يۇقىرى مەرتىۋە ۋە مەڭگۈلۈك راھەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* تاماخورلۇق ۋە ئارزۇ - ئارمانلارغا بېرىلىپ كېتىش مۇسىبەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* مۇسىبەتنىڭ ھەجىمىگە قارىتا ساۋاب بېرىلىدۇ.

* پىتنە - پاساتنىڭ داۋاملىشىپ كېتىشى ئەڭ چوڭ ئاپەتتۇر.

* مۇسىبەتنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قارىتا ساۋاب يېزىلىدۇ.

* داۋاملىق مۇسىبەتكە ئۇچراش، مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىغا سەۋرنىڭ پەزىلىتىنى ئېرىشتۈرىدۇ.

* ناچار كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇش ئېسىل كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتتۇر.

* قەدىرلەنمىگەن نېمەت تىن، ياخشىلىقى ئۈمد قىلىنىدىغان مۇسىبەت ياخشى.

* سىناققا دۇچ كەلگەندە خۇشال بول، خاپىلىققا دۇچ كەلگەندە قايغۇرما.

* بەزى كىشىلەر دەردىگە داۋا بولىدىغان مۇسىبەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* نېمەتكە قارىتا ئاپەتنىڭ ئاچچىقى بولىدۇ.

# 13- باب

## ماقال - تەمسىل ھەققىدە

* ئالاھىدە كىشىلەر ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەر بارلىققا كېلىدۇ.
* ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرگە ماقال - تەمسىل ئىشلىتىلىدۇ.

## كۈلۈش ھەققىدە

* كۆپ كۈلۈش كىشىنىڭ ھەيۋىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.
* كۆپ كۈلۈش سۆھبەتداشلارنىڭ يىراقلىشىشىغا، باشلىقلارنىڭ ئەيىبلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.
* كۈلكىسى كۆپ بولغان كىشىنىڭ سۈرى ئاز بولىدۇ.
* كۆپ كۈلگەن كىشىنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ.
* سېنى رەسۋا قىلىدىغان گۇناھلارنى ئىشلەپ تۇرۇقلۇق چىشىڭنى چىقىرىپ كۈلمە!
* كۆپ كۈلمە ھەيۋىتىڭ يوقىلىدۇ، كۆپ چاقچاق قىلما، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

## ئازغۇنلۇق ھەققىدە

* داچەنگە كۈمۈش يالتىلغانغا ئوخشاش، اللهنىڭ كىتابىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن بېزەلگەن بەزى گۇمراھلىقلار بار.

* كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزى قىلماسلىق، ياكى كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇپ ئۆزى قول ئۈزمەسلىك يېتەرلىك ئازغۇنلۇقتۇر.

# 14- باب

## يول ۋە تەرىقەت ھەققىدە

* تۈز يولدىن ئاداشقان كىشى ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالىدۇ.

* يولدىن ئاداشقان كىشى تېڭىرقاشقا يولىقىدۇ.

* ئازغان كىشى ئازغۇنلۇق دولقۇنىدا غەرق بولىدۇ.

* تۈز يولدا ماڭغىن، چۈنكى ئۇ ساڭا كارامەت لىباسى كىيدۈرۈپ، مالامەتتىن ساقلاپ قالىدۇ.

* ئازغۇنلۇق شارابىدا مەست بولۇپ قالغان كىشىگە ياخشىلىق يامان بولۇپ، يامانلىق ياخشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

* ئۆزۈڭلارغا سەل قاراپ، زۇلمەت يولىغا كىرىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

## رىزىق ھەققىدە

* كۆپ تاماق يەپ تورۇقلۇق كېسەل بولمىغانلار بەك ئاز.

* تاماقنى ئاز يېيىش روھنى پاكلاشتۇرۇپ، سالامەتلىكنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

* تامىقى ئاز بولغان كىشى مۇشەققەتكە يولۇقمايدۇ.

* تامىقى ئاز كىشىنىڭ چىقىمى يېنىك بولىدۇ.

* كۆپ خىل تاماقنى ياقتۇرۇپ يېگەن كىشى كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

## ئىتائەتمەنلىك ھەققىدە

* ئۆزۈڭدىن يۇقىرىدىكىلەرگە بويسۇنغىن، تۆۋەندىكىلەرمۇ ساڭا بويسۇنىدۇ، مەنىۋىيىتىڭنى پاكلىغىن، اللە سېنىڭ كۆرۈنۈشلىرىڭنى پاكلايدۇ.

* ئىبادەت سورۇنلىرىدىن يىراقلىشىپ، گۇناھ پاتقاقلىرىغا پېتىپ اللەنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولما.

* اللەقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىقلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* مەئىشەتتىن يىراق تۇرۇش ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر.

* ئەڭ ياخشى تائەت لەززەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇشتۇر.

* بۇيرۇقنى رەت قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان زات ئىبادەت قىلىشقا ئەڭ لايىق زاتتۇر.

* اللە ـ تائالا ئىتائەت قىلىشنى، ئاجىز كىشىلەر قولدىن بېرىپ قويىدىغان لېكىن زېرەك كىشىلەر قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدىغان غەنىمەت سۈپىتىدە ئاتا قىلغان.

* ئىتائەت قۇتقۇزىدۇ، گۇناھ سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

* اللەقا ئىتائەت قىلىش ئازايغانسېرى گۇناھلار كۆپىيىدۇ.

* اللەنىڭ مۇكاپاتى اللەقا ئىتائەت قىلغانلارغا، جازاسى اللەقا ئاسىيلىق قىلغانلارغا.

* ھەۋەسكە بېرىلىپ ئەيىبلىنىۋاتقان كىشىگە قارشى تۇرۇپ، تەقۋالىقى ئارقىلىق ماختىلىۋاتقان كىشىگە ئىتائەت قىلغانلار نېمىدېگەن تەلەيلىك كىشىلەر.

* كۆرۈش قۇدرىتىنى ئاتا قىلغان اللهنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە مېڭىپ، بۇيرىغان بۇيرۇقلارغا قەتئىي بويسۇنغان كىشى اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ.

* ئەقىلگە قارىتا ئىتائەت بولىدۇ.

* تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ پەزىلىتى ئىنسانلارنى ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

* الله ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا تەرغىب قىلمىغان تەقدىردىمۇ، اللهنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ بولسىمۇ، اللهقا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولغان بولاتتى.

* اللهقا ئىتائەت قىلىشنى دەسمايە قىلالىغان كىشى تىجارەت قىلماستىن پايدىغا ئېرىشىدۇ.

* اللهقا ئىتائەت قىلغاندا ئىخلاسىنى تارازا قىلمىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

* تائەت - ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلمىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

* اللهقا كۆپ ئىتائەت قىلغان كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ.

* اللهقا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ مەخلۇقلارغا ئىتائەت قىلىش يوق!

## ھاجەت ھەققىدە

* اللهتىن باشقا ھەرقانداق كىشى بىر بىرىگە موھتاج.

* بەزىدە ئىنتىلگەن نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەزىدە كىشى ئويلىمىغان يەردە كۈتمىگەن ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.

* كىشىلەرنىڭ قولىدىكىنى تەلەپ قىلغان كىشىنى، كىشىلەر يەس كۆرىدۇ.

* مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى تەلەپ قىلغان كىشى تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

## تاماخورلۇق ھەققىدە

* تاماخورلۇق ھېچنىمە بىرەلمەيدىغان بىر ئىللەتتۇر، شۇنىڭدەك ۋاپا قىلمايدىغان كېپىلدۇر.

* ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئەسلى تاماخورلۇق، تاماخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى بولسا مالامەتتۇر.

* ئەقىلنىڭ ۋەيران بولۇشىغا تاماخورلۇق سەۋەبچىدۇر.

* تاماخورلۇق ئىنساننى خار قىلسا، تەقۋادارلىق ھۆرمەت ئاتا قىلىدۇ.

* تاماخورلۇققا ئىتائەت قىلساڭ، سېنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ.

* تاماخورلۇق ئەرلەرنى يەرگە قارىتىپ قويىدۇ.

* ئەرلەرنىڭ خارلىقى تاماخورلۇقتا، ئۆمۈرنىڭ تۈگىشى ئارزۇ - خىياللار بىلەن بولىدۇ.

* تەقۋادارلىقنىڭ بېشى تامخورلۇقتىن ۋاز كېچىشتۇر.

* بەزى ساختا تاماخورلۇقلار نامەلۇم ئارزۇغا باغلىنىپ قالىدۇ.

* تاماخورلۇققا بېرىلىش ئەركەكلەرنىڭ بېشىنى كېسىدۇ.

* تەقۋادارلىقنىڭ ۋەيران بولۇشىغا تاماخورلۇق سەۋەبچىدۇر.

* تاماخورلۇقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالدىغان كىشىدۇر.

* دىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى تاماخورلۇق بىلەن.

* تاماخورلۇقتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشىگە ھېچكىم چوكچىلىق قىلالمايدۇ.

* ئارزۇ - خىيالنىڭ ئەڭ يېقىن گۈپپاڭچىسى تاماخورلۇقتۇر.

* دىنىنى بۇزغان تاماخورلۇق، دىنىنى تۈزىگەن تەقۋادارلىق.

* پەسكەش تامالاردىن ۋە كىشىنى رازى قىلمايدىغان ھىممەتلەردىن پاناھ تىلەيمىز.

* ئۆزۈڭگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى تەلەپ قىلما، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، نەپسىڭ سەندىن قۇدرىتىڭ يەتمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ تەلەپ قىلىشقا باشلايدۇ.

* كىچىككىنە تاماخورلۇق كۆپلىگەن تەقۋادارلىقنى ۋەيران قىلىدۇ.

* تاماخورلۇقنىڭ ئەسىرىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلەنلا قۇتۇلۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

* تاماخور بولغان كىشى تەقۋادارلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.

* تاماخورلۇق شۇئارىنى تۇۋلىغان كىشى چوقۇم بىتەلەيلىكنىڭ ئاچچىق ھەقىقەتلىرىگە دۇچار بولىدۇ.

* نەپسىنى يالغان تاما بىلەن ئالدىغان كىشىنى كۈتكەن نەرسىلەرمۇ ئالدايدۇ.

* تاماخورلۇقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئۆلۈمى قورقۇنچ بولىدۇ.

## 15- باب

### زەپەر ھەققىدە

* زەپەر كەسكىنلىك بىلەن، كەسكىنلىك بولسا تەجرىبە بىلەن.

* زەپەرنىڭ لەززىتى سەۋرىنىڭ مۇشەققىتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

* زەپەرنىڭ ئاچقۇچى سەۋرچانلىقتا.

* زەپەر بىلەن كۆرەڭلىمە، چۈنكى بىر كۈن پەلەك ساڭا غالىپ كېلىشى مۇمكىن.

* سەۋرسىز كىشىگە زەپەر يوق.

### زۇلۇم ۋە شىكايەت ھەققىدە

* زۇلۇم قىلماقچى بولغاندا اللهنىڭ ئادالىتىنى ئەسلە، كۈچۈڭنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا اللهنىڭ قۇدرىتى ئەسلە.

* زوراۋانلىقتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى زوراۋانلىق ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ، نېمەتلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ ۋە ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* زۇلۇمدىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ ياشىغان كۈنلىرىگە نەپرەت ياغىدۇ.

* زۇلۇمدىن يىراق تۇر، چۈنكى زۇلۇم زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن زۇلۇم قىلغان زالىمنىڭ بېشىغا قارا كۈن بولۇپ مەڭگۈلۈك قالىدۇ.

* زوراۋانلىق ئاداۋەتلىرىدىن، خائىنلىق رەسۋالىقلىرىدىن ۋە يوشۇرۇن يامانلىقنى پۈۋلەشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

* دۈشمەنلىك قىلىش ئەڭ ناچار خىسلەتتۇر.

* ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىگە زۇلۇم قىلىش ئەڭ ناچار زۇلۇمدۇر.

* ئاپەتنىڭ يېتىپ كېلىشكە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئىككى ئامىل بار زوراۋانلىق ۋە نېمەتكە نانكورلۇق قىلىش.

* ئادالەت نەقەدەر گۈزەل بولسا، زۇلۇم شۇ قەدەر قەبىھ.

* كۈچ - قۇدرەت زوراۋانلىققا تاقابىل تۇرىدۇ.

* زوراۋانلىق ئەرلەرنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ئەجەلنى يېقىنلاشتۇرىدۇ.

* قىيامەتكە ئەڭ ناچار ئۇزۇق بەندىلەرگە زۇلۇم قىلىشتۇر.

* زۇلۇمنىڭ داۋاملىشىشى نېمەتنى تارتىۋېلىپ، ئاپەتنى چاقىرىدۇ.

* زۇلۇمنى ئادالەت بىلەن، يوقسۇللۇقنى خەير - ئېھسان بىلەن داۋالاڭلار.

* زۇلۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ ۋە ھاكىمىيەتنى ۋەيران قىلىدۇ.

* كىشىنىڭ دۇنيادا زۇلۇم قىلىشى ئاخىرەتتىكى بەختسىزلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* زۇلۇم نېمەتنى قولدىن بېرىپ، ئاپەتنى چاقىرىپ كېلىشتە يېتەرلىك ئامىل.

* زۇلۇمنى ماختىغان بىشىنى يەيدۇ.

* كۆپ زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ نادامىتى كۆپ بولىدۇ.

* زورانۋانلىق قىلىچىنى سۇغۇرغان كىشىنىڭ بېشىغا شۇ قىلىچ تېگىدۇ.

* سەندىن ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان كىشىگە قول ئۇزاتما!

* بەندىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن ئەيمەنمىگەن كىشى قىيامەتكە ئىشەنمىگەن كىشىدۇر.

* كىشى مۇسىبەتتە ئۇخلىيالىشى مۇمكىن، لېكىن زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا قەتئىي ئۇخلىيالمايدۇ.

* زۇلۇم قەدەمنى خاتا بېسىشقا، نېمەتتىن قۇرۇق قىلىشقا ۋە قەۋمنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

* زۇلۇم دۇنيادا ھالاكەت، قىيامەتتە ۋەيرانچىلىقتۇر.

* كۆپ زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

* ئادالەت يوللىرىنى ئۈچۈرۈپ، زوراۋانلىق يولىنى تۇتقانلار ئەڭ زالىم كىشىلەردۇر.

* ھەربىر زالىمغا باشقىلارنىڭ جازاسىغا ئوخشىمايدىغان جازا ۋە ئۇنى قەدەم باسقىلى قويمايدىغان ھالاكەت بار.

* زالىمنىڭ ئۈچ بەلگىسى بار: ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرنىڭ جىنايىتىگە شېرىك بولىدۇ، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىنى بوزەك قىلىدۇ ۋە زالىملارغا يانتاياق بولىدۇ.

* زوراۋانلىق قىلغان كىشىنىڭ ھالاكىتى تېزلىشىدۇ.

* ﷲنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغان كىشى ﷲقا دۈشمەنلىك قىلغان بولىدۇ.

* زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ ھاياتى قىسقىرايدۇ ۋە زۇلمى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئايەت بولىدۇ.

* زالىملىق يولى بىلەن ماڭغان كىشىنىڭ كۈنلىرى ئۆچ كۆرۈلىدۇ.

* زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلغان، كىبىرلىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ گۇناھى نېمىدېگەن ئېغىر.

* زوراۋانلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

* مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە الله تائالا ھەقنى تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ قولىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ.

* مەزلۇمنى كۆرسەڭ زالىمغا قارشى ياردەم قىل.

* مەزلۇمغا ياردەمچى، زالىمغا دۈشمەن بول.

* مەزلۇمنىڭ زالىمدىن ئالىدىغىنى زالىمنىڭ مەزلۇمدىن ئېلىۋالغىنىدىن كۆپتۇر.

* كىشىلەرنىڭ شىكايەتلىرىگە سەل قاراش ھالاكەتتۇر.

* كىشىلەرنىڭ شىكايەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇش گۇناھ دېمەكتۇر.

## گۇمان ھەققىدە

* كىشىنىڭ گۇمانى ئەقلىنىڭ تارازىسىدۇر، كىشىنىڭ قىلغان ئىشى ئۇنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

* ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ گۇمانى توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر.

* ياخشى گۇمان قىلغان كىشىنىڭ نىيىتى ياخشى بولىدۇ.

# 16- باب

## ئىبادەت ھەققىدە

* گۇناھتىن قورقۇپ، اللەنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ قىلىنغان ئىبادەت ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

* نەپسىنى ۋە شەھۋەتنى يېڭىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتتۇر.

* داۋاملىق ئىبادەت قىلىپ تۇرۇش بەخت - سائادەتكە ئېرىششنىڭ ئىسپاتىدۇر.

* ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلغان كىشى سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

* زېرىكىشلىك كۆپ ئىبادەتتىن داۋاملىشىدىغان ئاز ئىبادەت ياخشىراق.

* كۆتۈرەلمەيدىغان كۆپ ئىبادەتتىن ئېغىر كەلمەيدىغان ئاز ئىبادەت ياخشى.

* ئۈزۈلۈپ قالغان كۆپ ئىبادەتتىن، داۋاملاشقان ئاز ئىبادەت ياخشىراق.

## ئىبرەت ھەققىدە

* ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىڭدىن ئىبرەت ئالغان بولساڭ، كېيىنكى ھاياتىڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزەتتىڭ.

* كۆپ ئىبرەت ئالغان كىشىنىڭ خاتالىرى ئاز بولىدۇ.

* دەۋرنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن ئىبرەت ئالغان كىشى باشقىلاردىن ئاگاھ تۇرىدۇ.

* باشقىلاردىن ئىبرەت ئالمىغان كىشى ئۆزىگە ئىچى ئاغرىمىغان كىشىدۇر.

* ئىبرەتلەردىن ساۋاق ئالغان كىشى ھەر ئىشقا دىققەت قىلىدۇ.

* ھاياتنىڭ دەھشەتلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغان كىشى مالامەت بىلەن خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ بولالمايدۇ.

* باشقىلاردىن ئىبرەت ئالغان كىشى ھاياتنىڭ تىنچلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

* ئىبرەت ئېلىشنى بىلگەن كىشى بۇرۇنقىلار بىلەن بىرلىكتە ياشىغان كىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

* دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغان كىشىگە ۋەز - نەسىھەت كار قىلمايدۇ.

## كايىش ھەققىدە

* كۆپ كايىش شۈبھىلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

* نادانغا كايىساڭ سېنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئەقىللىق كىشىلەرگە كايىساڭ سېنى ياخشى كۆرىدۇ.

* كۆپ كايىپ كەتمە، چۈنكى ئۇ دۈشمەنلىككە سەۋەبچى بولىدۇ ۋە ئاداۋەتكە چاقىرىدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ساڭا كايىشىنى ئىللىقلىق بىلەن قوبۇل قىل.

## مەغرۇرلۇق ھەققىدە

* ئەڭ چوڭ ياتسىراش مەغرۇرلىنىشتا.

* مەغرۇرلىنىش نادانلىقنىڭ بېشىدۇر.

* كۆرەڭلەش توغرىنىڭ دۈشمىنىدۇر.

* كىشىنىڭ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشى ئەخمەقلىقتۇر.

* مەغرۇرلىنىش توغرىنىڭ دۈشمىنى بولغاندەك، ئەقلىنىڭمۇ ئاپىتىدۇر.

* كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئالاھىدىلىكلىرىڭنى چوڭ كۆرسىتىشنى خالىساڭ، ئۆزۈڭنى كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا چوڭ دەپ ھېسابلىما.

* مەغرۇرلىنىشنىڭ مېۋىسى ئاداۋەتتۇر.

* ياخشى ئىشنىڭ بىلەن مەغرۇرلانغىنىڭدىن خاتالىقىڭغا ئېچىنغىنىڭ ياخشى.

* ئۆزىدىن مەغرۇرلانغان كىشىدىن باشقىلار كۈلەر.

* قىلغان ئىشلىرىدىن مەغرۇرلانغان كىشى ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

## ئالدىراڭغۇلۇق ھەققىدە

* ئالدىرىغان كىشى خاتاغا دەسسەيدۇ.

* ئالدىراڭغۇلۇقنى تاشلا، چۈنكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلغان كىشى مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ۋە قىلغان ئىشى ھەم ئالقىشلانمايدۇ.

## تەييارلىق ھەققىدە

* ئەڭ ياخشى تەييارلىق قىيامەتنىڭ تەييارلىقىدۇر.

* چاققان بولۇڭلار، چۈنكى نىشان ئالدىڭلاردا، ئەجەل ئىز قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

* سەپىرىگە ياخشى تەييارلىق قىلغان كىشى مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە خۇشال بولىدۇ.

* ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭگە قايت، مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى مەنزىلنى ھازىرلا.

## ئادالەت ھەققىدە

* ئادالەت پۇقرانىڭ تارازىسى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ گۈزەللىكىدۇر.

* ئادالەت زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىڭدا ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغىنىڭدۇر، پەزىلەت بولسا كۈچۈڭ يەتكەندە كەچۈرۈشۈڭدۇر.

* زۇلۇم قىلغان كىشىگە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشى ئەڭ ئادىل كىشىدۇر.

* زالىملاردىن ئۇزاق تۇرۇش ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئادىللىقتۇر.

* ئادالەت ھەممە ئادەم ئالقىشلايدىغان خىسلەتتۇر، زۇلۇم بولسا ھەممە ئادەم سەسكىنىدىغان رەزىللىكتۇر.

* ئادالەت پادىشاھلىققا سەۋەب بولىدۇ، زۇلۇم بولسا ھالاكەتكە.

* ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى ئەڭ ئادىل كىشى ھېسابلىنىدۇ.

* كۈچى يەتكەن تۇرۇقلۇق ئادىللىق قىلغان كىشى ئەڭ ئادىل كىشىدۇر، شۇنىڭدەك، كۈچى يېتىپ تۇرۇقلۇق ئەپۇ قىلغان كىشى ئەڭ ئەپۇچان كىشىدۇر.

* ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشى قانداقمۇ باشقىلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ؟

* سېنىڭ مىنگىنىڭ ئادالەت تۇلپىرى بولسۇن، چۈنكى ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشى شاھلىق تەختىگە لايىق بولىدۇ.

* كۆڭلىدىكى بىلەن ئەمەلىيىتى ئوخشاش بولغان، سۆزى بىلەن قىلىقى بىر يەردىن چىققان كىشى ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرغـان ۋە ئادالىتى نامايان بولغان كىشىدۇر.

* ئادالەتنىڭ ئۈچ سىياسـىتى بـار كەسـكىنلىك بىـلەن مـۇلايىم بولۇش، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش، تېجەشچانلىق بىلەن ئىقتىساد باشقۇرۇش.

* ئىككى ئىشنىڭ ساۋابى تارازا بىلەن تارتىلمايـدۇ: ئـادالەت ۋە ئەپۇچانلىق.

* ئادالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسـى كىشـىنىڭ ئـۆزى ھەققــدە ئادىل بولۇشىدۇر.

## دۈشمەنلىك ھەققىدە

* ھىيلە ئىشلىتىشتە مـۇلايىم بولـۇش يېلىنىــپ- يالۋۇرۇشــتىن ياخشىراق.

* دۈشـــمەنلىكنى ئاشـــكارىلىغان دۈشـــمەن ئەڭ ئـــاجىز دۈشمەندۇر.

* دۈشمىنىڭ ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنى ئاددى چاغلىما.

* ئېسىل كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىش نادانلارنىڭ ئىشى.

* دۈشمەنلىك قىلىچىنى كۆتۈرگەن كىشى ئۆزى كۆتۈرگەن قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

* ئۆچەكىششتە ھەددىدىن ئېشـىش گۇناھقـا ئېلىــپ بارىــدۇ، بوشاڭلىق قىلىش مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

* زوراۋانلىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپ بولىدۇ.

## ئەپۇچانلىق ھەققىدە

* كەچۈرۈم سورايدىغان ئىشنى قىلىپ سالماسلىق راستچىللىقتىنمۇ شەرەپلىكتۇر.

* كىشىلەرنى خاپا قىلىش كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇرلايدۇ.

* خاتالىق ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغان كىشى ئۆزىنى گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ.

* سەممىي كەچۈرۈم سورىغان كىشى ئەپۇ قىلىنىشقا تېگىشلىك كىشىدۇر.

* خاتالىقلارنى ئاددى چاغلىما، گەرچە سەن ئۇ خاتالىقتىن كېيىن كۆپلەپ كەچۈرۈم سورىساڭمۇ، چۈنكى ھەربىر خاتا قىلغۇچى كەچۈرۈم سوراشنى بىلىدۇ.

## ئابرۇي ھەققىدە

* يامان نىيەتتىن ۋە پەسكەش قىلىقلاردىن ئۇزاق تۇرۇش ئابرۇينى قوغداپ قېلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

* ئابرۇينى ساخاۋەتتىن باشقا نەرسە قوغداپ قالالمايدۇ.

* ئابرۇيىڭنى قالايمىقان گەپ قىلىدىغانلاردىن قوغداپ قال.

* ئابرۇينى چوڭ بىلگەن كىشى پۇل - مالنىڭ كۆزىگە قارىمايدۇ.

## مەرىپەت ھەققىدە

* ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئەڭ ياخشى مەرىپەتتۇر.

* جاھاننى ئەڭ ياخشى بىلگەن كىشى جاھاننىڭ ئاجايىباتلىرىدىن ھەيران قالمايدۇ.

* مەرىپەتنىڭ مېۋىسى پانىي دۇنياغا بېرىلمەسلىكتۇر.

* مەرىپىتى تولۇق ۋە ساغلام بولغان كىشىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە ھىممىتى پانىي دۇنيادىن يۈز ئۆرۈشىدۇر.

* ئالىمنىڭ مەرىپىتى تەقۋادارلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۇ ئالىمنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ئۇ ئالىم دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياخشى نامى قېلىپ قالىدۇ.

* مەرىپەت ئىگىلىرى بىلەم مۇلاقاتتا بولۇش يۈرەكلەرنى ياشارتىپ، ھېكمەتلەرگە يول ئاچىدۇ.

* اللەنى تونۇغان كىشىنىڭ اللەنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرگە ئىنتىلىشى كېرەك.

* اللەنى تونۇشتا كۆز قاراشقا ۋە ياكى قىياسقا تايانغان كىشى ئازىدۇ ۋە ئىشلىرى قولاشمايدۇ.

* اللەنى تونۇغاننىڭ يۈرىكىدىن اللەتىن قورقۇش ۋە اللەتىن ئۈمىد كۈتۈش، ئايرىلماسلىقى كېرەك.

## ئارىفلىق ھەققىدە

* ئۆزىنى تونۇمىغان كىشى قانداقمۇ باشقىلارنى تونىسۇن؟!

* اللەنى تونۇغان كىشىنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدۇ، يۈرىكى اللەنىڭ قورقىسى بىلەن ياشنايدۇ.

## ھۆرمەت ھەققىدە

* اللەتىن باشقىسىدىن ھۆرمەت كۈتكەن كىشىنى الله ھالاك قىلىدۇ.

* ھەقىقەتتىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆرمەت تەلەپ قىلغان كىشىنى الله ھەقىقەتنىڭ كۈچى بىلەن خار قىلىدۇ.

* ئىززەت تەلەپ قىلساڭ، اللهقا ئىتائەت قىلىش بىلەن تەلەپ قىل.

## تەنھالىق ھەققىدە

* دۇنياپەرەسلەردىن يىراق تۇرۇش ياخشىلىقنىڭ جەۋھىرىدۇر.

* ئىنسانلار بىلەن يىراقتىن ئارىلاشقان كىشى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* يالغۇز ياشىغان پىتنە*پاساتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* كىشىلەر بىلەن زىچ ئارىلاشقانغا كۆرە يالغۇز ياشاش پىتنە - پاساتتىن يىراق بولىدۇ.

## غايە ھەققىدە

* غايىسىنى ئاشكارىلىغان كىشىنىڭ تەدبىرلىرى قولدىن كېتىدۇ.

* غايىسى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاتقان ئوقى ئۆزىگە قايتىدۇ.

* تەدبىرسىز غايىدە ياخشىلىق يوق.

## مۇئامىلە ھەققىدە

* پەزىلەت ئىگىلىرى بىلەن ئارىلىشىش يۈرەكنى ياشارتىدۇ.

* قاتتىق قوللۇقنى مۇلايىملىق بىلەن بىرلەشتۈر، مۇۋاپىق بولغانكى يەردە مۇلايىم بول.

* دوستۇڭدىن ئايرىلغاندا دوستۇڭنىڭ سېنى قانداق ئەسلىشىنى خالىساڭ، دوستۇڭنى سەنمۇ شۇنداق ئەسلە، دوستۇڭ بىزار بولىدىغان

نەرسىدىن يىراق تۇر، ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى دوستۇڭغا راۋا كۆرمە.

* ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا راۋا كۆرمە، ئۆزۈڭگە ياقتۇرغاننى باشقىلاردىن ئايىما.

* ئاز ئارىلىشىش دىننى قوغداپ قالىدۇ ۋە يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* ساڭا يول كۆرسەتكەنگە يول كۆرسەت، ئەپۇ سورىغاننى كەچۈرۈۋەت، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل.

* ئۆزۈڭنى باشقىلار بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئارىسىدىكى تارازا دەپ بىل، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەنى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆر، ئۆزۈڭگە يامان كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ يامان كۆر، ساڭا قانداق ياخشىلىق قىلىنىشنى ياخشى كۆرسەڭ، سەنمۇ باشقىلارغا شۇنداق ياخشىلىق قىل، باشقىلارنىڭ ساڭا زۇلۇم سىلىشىنى خالىمىغىنىڭدەك، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم سالما.

* كىشىلەردىن قانداق مۇئامىلە كۈتسەڭ، كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىل، ئۇلاردىن خاتىرجەم بولسەن، ئۇلارمۇ ھەم سەندىن خاتىرجەم بولىدۇ.

* يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە، چۈنكى ئۇلار ئوتقا ئوخشايدۇ، ئوت بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىنى ئوت چوقۇم كۆيدۈرىدۇ.

* سەن ياخشى كۆرۈشكە ئەڭ لايىق كىشى پايدىسى ساڭا زىيىنى دۈشمىنىڭگە بولغان كىشىدۇر.

* ساڭا ھۆرمەت قىلىش ئورنىغا ساڭا ئىنتىلگەنلەر كۆپ بولسۇن.

* ياخشى مۇئامىلە قىلىش دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

* پەزىلەت ئىگىلىرى بىلەن ئارىلاشساڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىسەن.

* ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش يۈرەكلەرنى ياشنىتىدۇ.

* ناداندىن ئالاقىنى ئۈزۈش ئاقىل بىلەن ئالاقە ئورناتقان بىلەن ئوخشاش.

* ئەقىللىق كىشى سېنى تۈزەشكە پەقەت يول قالمىغاندا ئاندىن سەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ.

* كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر.

* بىلىمنىڭ كۆپ بولۇشى خاپىلىق، كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىش بولسا پىتنىدىن ئىبارەتتۇر.

* مۇئامىلىسى ياخشى بولغان كىشىنىڭ قېرىنداشلىرى كۆپ بولىدۇ.

## نومۇس ھەققىدە

* نومۇس مەنىۋىيەتنى قوغدايدۇ ۋە ناچار ئەخلاقتىن يىراق قىلىدۇ.

* نومۇس شەھۋەتنى كونترول قىلىدۇ.

* كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق نومۇس ۋە ئالىي ھىممەتنىڭ نىشانىدۇر.

* كىشىنىڭ تاجى شەرىپىدۇر، زىننىتى بولسا ئادالىتىدۇر.

* ھايالىق بولۇش مۆتىۋەرلەرنىڭ ئەخلاقىدىندۇر.

* نومۇس ۋە قانائەت بىلەن زىننەتلەنگەن ئادەم ئارتۇقچە چىقىمدار بولمايدۇ.

*ھايــالىق بــول، چــۈنكى ھايــا كىشــىلەرنىڭ ئەڭ مــۇھىم پەزىلەتلىرىدىندۇر.

* ئىپپەت شەرمى - ھاياغا قارىتا بولىدۇ.

* ئىپپەتلىك بولغـان كىشـىنىڭ گۇنـاھى ئـاز بولـىدۇ ۋە اللەنىـڭ نەزىرىدە قىممىتى ئاشىدۇ.

* ئەزالــىرى ھايــالىق بولغــان كىشــىنىڭ خىسـلەتلىرى ئېســىل بولىدۇ.

## خاتىرجەملىك ھەققىدە

* خاتىرجەملىك داۋالاشقانسېرى بىلىـنمەي قالـىدۇ، قولـدىن كەتكەندە قىممىتى بىلىنىدۇ.

* ھاياتنىڭ لەززىتى خاتىرجەملىكتە.

## ئەيۋ ھەققىدە

* ساڭا يامانلىق قىلغانغـا ياخشـىلىق قىـل، سـېنىڭ ھەققىڭـدە جىنايەت ئىشلىگەن كىشىنى كەچۈرىۋەت.

* دوســتۇڭنىڭ خاتــالىقىنى كەچۈرســەڭ، دۈشــمىنىڭمۇ ســېنى ماختايدۇ.

* كىشـــــىلەرنىڭ ئـــۆزرىلىرىنى قوبـــۇل قىـــــل، ئۇلارنىـــــڭ قېرىنداشــلىقىدىن بەھــرىمەن بولىســەن. تەبەسســۇم بىــلەن قارشــى ئالساڭ، ئۇلارنىڭ ئاداۋىتىنى يۇيۇپ تاشلايسەن.

* بەزىدە خاتا قىلغۇچىغا خاتا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش يېتەرلىك جازا بولىدۇ.

* كۆچۈك يەتكەن تۈرۈپ ئەپۇ قىلساق ۋە دۆلەتمەن تۈرۈپ ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، خوجايىنىڭنىڭ مۇكەممەللىشىدۇ.

* يېتەرسىزلىكنى ئەپۇ قىل، خاتالىقلارنى تۈزەت مەرتىۋەڭ يۈكسىلىدۇ.

* كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈر، ھېچكىمنى ئۆچ كۆرگەن نەرسىسى بىلەن قىينىما.

* ئەپۇچانلىقنىڭ پەزىلىتى كۈچ يەتكەندە نامايان بولىدۇ.

* ئاز ئەپۇ قىلىش ئەڭ ناچار ئەيىب، ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.

* گۇناھكارلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش مەردلىكنىڭ شەرتلىرىدىن بولغىنىدەك، ئېسىل خىسلەتلەر قاتارىدىندۇر.

* گۇناھكارنى تىلىۋالغانلىقىڭ يېتەرلىك غەلىبىدۇر.

* كۈچۈڭ يەتكەندە ئەپۇ قىل، شاھ بولغىنىڭدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم سۈر.

* ئەپۇ قىلىشتا ياخشىلىق قىلمىغان كىشى ئىنتىقام ئالغاندا چوقۇم يامانلىق قىلىدۇ.

* ياخشىلىق بىلەن ئەپۇ قىلمىغان كىشى ئىنتىقام ئېلىپ، يەنە بىر گۇناھقا پاتقان بولىدۇ

* ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلما، جازالىغاندىن كېيىن خۇشال بولما.

* سېنى سۆيگەنلەرگە ياخشىلىق قىل، دۈشمىنىڭنى كەچۈر، پەزىلىتىڭ تاماملىنىدۇ.

* كۈچى يەتكەن كىشىنىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە يوقسۇل كىشىنىڭ سېخىيلىق قىلىشى ئەڭ كاتتا پەزىلەتتۇر.

* كۆچى يېتىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلىش ئەڭ ياخشى ئەپۇ قىلىشتۇر.

* بەرمىگەنگە بەرگەن، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلغان، زۇلۇم قىلغاننى كەچۈرگەن كىشىنىڭ، الله تائالا ياردەمچىسى ۋە يار - يۆلەكى بولىدۇ.

* ئەپۇچانلىق دېگەن: سېنىڭ ھەققىڭدە جىنايەت ئىشلىگەننى كەچۈرسەن، ئاچچىقىڭنى كەلتۈرگەن نەرسە ھەققىدە كەڭ قورساق بولىسەن.

* تونۇغىنىڭنى تونىمىغىنىڭغا، بىلگىنىڭنى بىلمىگىنىڭگە سېلىشتۇر.

* جازالاشقا ئالدىراشتىن يىراق تۇر، چۈنكى ئۇنى الله يامان كۆرىدۇ ۋە سېنى باشقىلارغا موھتاج قىلىپ قويىدۇ.

## ئاقىۋەتلەر ھەققىدە

* ئاقىۋەتكە قاراپ ئىش قىلغان كىشى ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* ئاقىۋەتنى كۆزەتكەن كىشى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* بىر ئىشقا ئىرادە قىلغاندا يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشتىن يىراق تۇر.

* ئاقىۋەتنى كۆزەتسەڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.

## ئەقىل ھەققىدە

* ئەقىل مول بايلىقتۇر، ئۇ ئىلىم ۋە تەجرىبە بىلەن كۆپىيىدۇ.

* ئەقىل ئىلىمنىڭ ئەسلىدۇر ۋە چۈشىنىشنىڭ قورالىدۇر.

* ئەقىل پايدىغا، ئىلىم مەرتىۋىگە، سەۋر بولسا ئاپەتتىن يىراق تۇرۇشقا، سەۋەب بولىدۇ.

* ئەقىل بىلەن شەھۋەت رەقىب، ئەقلىنىڭ قوللىغۇچىسى ئىلىم، شەھۋەتنى كۈشكۈرتكەن نەرسە بولسا ھاۋايى - ھەۋەس، ئىنسانىنىڭ مەنىۋىيىتى مۇشۇ ئىككى رەقىبنىڭ ئارىسىدىدۇر، قايسى غالىب كەلسە، ئىنسان شۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشايدۇ.

* ئەقىل دېگەن بىلگەننى سۆزلەش، سۆزلىگەننى ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر.

* ئەقىل ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ ۋە ئىنساننى يامانلىقلاردىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ، نادانلىق بولسا ئىنساننى ئازدۇرىدۇ ۋە ھالاكەت يولىغا باشلاپ بارىدۇ.

* كىشىنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئەقلىنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر، ئۆزىنى تونۇغان كىشى ئەقلنى تاپقان بولىدۇ، ئۆزىنى تونۇيالمىغان كىشى ئېزىپ كېتىدۇ.

* ئەقلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىبرەت ئېلىشتۇر، كەسكىنلىكنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۈشمەنگە كۈچنى كۆرستىشتۇر، ئەخمەقلىقنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا مەغرۇرلىنىشتۇر.

* ﷲ تائالا جەزمەن تۇغرا ئەقلىنى ۋە سەمىمي ئەمەلىنى ياخشى كۆرىدۇ.

* ئەقىل زىننەت، ئەخمەقلىق ھاقارەتتۇر.

* ئەقىل ﷲقا يېقىنلىششتۇر، ئەخمەقلىق بولسا غېرىبلىقتۇر.

* ئەقىلدە شىپا بار، ئەخمەقلىقتە بەختسىزلىك بار.

* ئەقىل ﷲنىڭ بەرگىنى، ئەخلاق بولسا ئىنسان تىرىشىش ئارقىلىق قولغان كەلتۈرگىنىدۇر.

* ئەقىل بىر دەرەخ بولسا، ئۇنىڭ مېۋىسى سېخىيلىق بىلەن ھايادۇر.

* ئەقىل دېگەن گۇناھتىن يىراق تۇرۇش، ئاقىۋەتكە قاراش ۋە دانالىق بىلەن ئىش قىلىش دېمەكتۇر.

* ئەقىل تامامىلانغاندا گەپ - سۆز ئازىيىدۇ.

* ئەقىل تامامىلانغاندا شەھۋەت ئازىيىدۇ.

* ھېكمەتنىڭ قىممەتلىك دۇردانىلىرىغا ئەقىل بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* ئەقىلنىڭ مېۋىسى دۇنيانى يامان كۆرۈش ۋە ھاۋايى - ھەۋەستىن يىراق تۇرۇشتۇر.

* ئەقىلنىڭ گۈزەللىكى ئىچكى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.

* ئەقىل پانىي دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، باقىي دۇنياغا يۈزلىنىش دېمەكتۇر.

* كىشىنىڭ ئەقلىنى سۆزى بەلگىلەيدۇ.

* ئۇتنى ئوتۇن بىلەن، ئەقىلنى ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن زىننەتلە.

* كىشىنىڭ دوستى ئەقلى بولسا دۈشمىنى نادانلىقىدۇر.

* ئەقىلنىڭ ئېزىپ كېتىشى ھىدايەتتىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ ۋە ئاخىرەتلىكنى ۋەيران قىلىدۇ.

* ئەقىللىق بول، چۈنكى ئەقىلدىن پايدىلىقراق دەسمايە يوق.

* ئەقلىنىڭ مېۋىسى كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشتە.

* كىشىنىڭ ئەقلى ئۇنىڭ نىزامنامىسىدۇر، ئەخلاقى بولسا ئۇنىڭ پىرىنسىپى، راستچىللىقى ئۇنىڭ يېتەكچىسى، شۈكۈر قىلىشى بولسا ئۇنىڭ تاماملىنىشىدۇر.

* ئەقلىنىڭ تاماملىنىشى نادانلىقنى تەن ئېلىش بىلەن بولىدۇ.

* ئەقىل ئىنساننى ئادالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزىشكە ئۈندەيدۇ.

* غەزەپ ۋە شەھۋەتكە گىرىپتار بولغان ئەقىل* ھېكمەتتىن پايدىلىنالمايدۇ.

* بەزى ئەقىللىقلار ھاۋايى - ھەۋەسىنىڭ ئەسرى بولۇپ قالىدۇ.

* سېنىڭ توغرا ۋە ياكى خاتا قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلدۈرۈپ بەرگەن ئەقىل ساڭا يېتەرلىكتۇر.

* ئىشىنىڭ شەكلى ئەقلىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىشىڭنى تاللاپ قىل ۋە مەسلىھەت بىلەن قىل.

* كىشىنىڭ كامالەت تېپىشى ئەقلى بىلەن، قىممىتى پەزىلىتى بىلەن بولىدۇ.

* ھەر نەرسىنىڭ غايىسى بار، ئىنساننىڭ غايىسى ئەقلىدۇر.

* ئەقلىنىڭ زىننەتلىنىشى ئېغىر بېسىقلىقنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا باغلىق.

* ئەقلىنىڭ بار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى نادانلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشتۇر.

* ئىسراپخورلۇقتىن يىراق تۇرۇپ، تەدبىرلىك بولۇش ئەقلىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

* كىشىنىڭ ئەقلىگە تىلىدىن چىققان گەپلەر بىلەن باھا بېرىشكە بولىدۇ.

* نەپسى خاھىشى ئەقلىدىن ئۈستۈن كەلگەن كىشى رەسۋا بولىدۇ.

* ئەقلىنى يوقاتقان كىشى خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

* ئەقلى ئاجىز كىشىگە نادانلىق غالىب كېلىدۇ.

* توغرا سۆزلەش ئەقلىنىڭ ئىسپاتلىرىدىندۇر.

* ئادالەت يولى بىلەن مېڭىش ئەقلىنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر.

* ئېغىر بېسىقلىق ئەقىل بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ.

* بار ئەقلىنى ئىشلىتەلمىگەن كىشى يوق ئەقلىنى تىخىمۇ ئىشلىتەلمەيدۇ، بولمىغان ئەقىل ئىنساننى قانداقمۇ قۇتۇلدۇرالىسۇن.

## ئەقىللىق كىشى ھەققىدە

* باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئەيۋچانلىق بىلەن كەچۈرگەن كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

* شەھۋىتىدىن قول ئۈزۈپ، دۇنياسىنى ئاخىرىتىگە قۇربان قىلغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

* ئەقىللىق كىشى زۆرۈرىيەتسىز ياكى پاكىتسىز گەپ قىلمايدۇ.

* گۇناھ قىلىشتىن قورققان، ئەيىبلەردىن پاك بولۇشقا تىرىشقان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

* ياخشىلىق قىلغان ۋە قىلغان ئىشلىرى ئورۇنلۇق بولغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

* ئەقىللىق كىشى سۈكۈتتە تۇرغاندا تەپەككۇر قىلىدۇ، سۆزلىگەندە ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، قارىغاندا ئىبرەت ئالىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى ئىشنى كۆپ قىلىدۇ، خىيالنى ئاز قىلىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى باشقىلارنى بوزەك قىلمايدۇ ۋە پەقەتلا بوزەك بولمايدۇ.

* ئەقىللىق كىشىگە تەنە قىلساڭ، رەنجىتىپ قويىسەن.

* ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرمىگەن كىشى ئەڭ ئەقىللىق كىشىدۇر.

* سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق نادانلارنى جازالىغان كىشى ئەڭ ئەقىللىق كىشىدۇر.

* نەپسى خاھىشىنى ئەقلى بىلەن تىزگىنلىگەن ۋە چاقچاققا كۆرە ھەيۋىتى ئۈستۈن بولغان كىشى ئەڭ ئەقىللىق كىشىدۇر.

* ئاقىۋەتكە قاراپ ئىش قىلىدىغان كىشى ئەڭ ئەقىللىق كىشىدۇر.

* پىكرى تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئەقلى توغرا يولنى كۆرسىتىۋاتقان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرا، قىلغان ئىشلىرى ھەممىگە ياقىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى تەربىيە بىلەن، ھايۋان تاياق بىلەن ئەدەبلىنىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى دۇنيانى ئاۋات قىلىدۇ، لېكىن ئاخىرەتكە قىلىدىغان تەييارلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى كامالەت تەلەپ قىلىدۇ، نادان كىشى بولسا مال - دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ.

* تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالغان كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر.

* ئەقىللىق كىشى قىلغان ئىشىغا تايىنىدۇ، نادان كىشى ئارزۇ - ئارمانلىرىغا تايىنىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى ياشانغانسېرى ئەقلى ياشىرىدۇ.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشى ۋە ئۇزۇق - تۈلۈكنى كۆپلەپ ئېلىۋېلىشى كېرەك.

* ئەقىللىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈغقانغا ئوخشايدۇ، داۋاملىق ئۈچرىشىشقا ئىنتىلىدۇ.

* ئەقىللىق كىشى ھېكمەتكە قىزىقىدۇ، نادان كىشى ھاماقەتكە.

* ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ھەۋەسى ۋە غەپلىتى ئاز بولىدۇ.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ يۈرىكى مەخپىيەتلىكلىرىنىڭ ساندۇقىدۇر.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ گۇمانى نادان كىشىنىڭ كەسكىن گېپىدىن توغرىراق بولىدۇ.

* ئەقىللىق بىلەن دۈشمەنلىشىش نادان بىلەن دوستلاشقاندىن ياخشىراقتۇر.

* ئەقىللىق سەت، ئەقىلسىز چىرايلىقتىن ياخشىراق.

* دىن ئىشلىرىدا ئەقىللىق بول، دۇنيا ئىشلىرىدا بىلمەسلىككە سال.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ سۆزى ئۇزۇقتۇر، نادانىنىڭ جاۋابى سۈكۈتكە تەڭ.

* نەغمە - ناۋا بىلەن خۇدىنى يوقاتقان، ئويۇن - تاماشىغا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن كىشى ئەقىللىق ئادەم ئەمەس.

* شەھۋىتىدىن ئەقلى، غەزىپىدىن سەۋرى غالىب كەلگەن كىشى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك كىشىدۇر.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى، دىيانىتى ۋە نەسەبى ئەخلاقتۇر.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ يېرىمى كۆز يۇمۇش، يېرىمى سەۋر قىلىشتۇر.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ ئۆگەتكەندە مۇلايىم، ئۆگىنىۋاتقاندا كەمتەر بولۇشى كېرەك.

* كىشىنىڭ ئەقلىنىڭ قىممىتىنى تىلى كۆرسىتىدۇ، پەزىلىتىنى بولسا سۆزلىرى بايان قىلىدۇ.

* كىشىنىڭ تىلىنىڭ ئەقلىنى باشقۇرماستىن ئەقلىنىڭ تىلىنى باشقۇرۇشى ماڭا بەك ياقىدۇ.

* بەزى ۋاقىتتا ئەقىللىق كىشىمۇ توغرىنى تاپالماي قالىدۇ.

## ئىلىم ھەققىدە

* ئىلىم ئەقلىنىڭ چىرىغى ۋە پەزىلەتنىڭ كانىدۇر.

* ئىلىم نادانلىقنىڭ قاتىلى ۋە ئېسىللىقنىڭ مەنبەئىدۇر.

* ئىلىم ئېسىل بىر مىراس ۋە ئۇمۇمىي بىر نېمەتتۇر.

* ئىلىم مەنىۋىيەتنى تىرىلدۈرىدىغان، ئەقلىنى يورۇتىدىغان ۋە جاھالەتنى ئۆلتۈرىدىغان قورالدۇر.

* ئىلىم ھېكمەتنىڭ مېۋىسىدۇر، دۇرۇسلۇق ئۇنىڭ شاخلىرىدىندۇر.

* ئىلىم ھۆكۈم قىلىدىغان ھاكىم بولسا، مال - دۇنيا ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان مەھكۇمدۇر.

* ئىلىم مال - دۇنيادىن ياخشىراق، ئىلىم سېنى قوغدايدۇ، سەن مال ـ دۇنيانى قوغدايسەن.

* ئىلىم ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ، قوشۇلساڭ ساڭا ھەمراھ، سەن بىلەن بىللە، قوشۇلمىساڭ سەن تەنھا.

* ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ: ئاڭلاپ بىلگەن ئىلىم ۋە تەبىئىتىدىن بىلىنگەن ئىلىم، ئاڭلاپ بىلگەن ئىلىم بولمىسا، تەبىئى بىلىنگەن ئىلىم ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

* ئىلىمنى پۈتۈنلەي ئىگەللىگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىلىمنىڭ ياخشىسىنى تاللاڭلار.

*ئىلىم تەلەپ قىلساڭلار ئىلىم بىلەن تونۇلىسىلەر، ئىلىمگە ئەمەل قىلساڭلار ئىلىم ئەھلى بولىسىلەر.

* ساڭا ۋاجىب بولغان ئىلىم سەن ئەمەل قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئىلىمدۇر.

* ئەڭ ياخشى بىلىم خاتىرجەملىك ۋە ئېغىر - بېسىقلىقتۇر.

* ئىلىم ئېسىللىك، نادانلىق بولسا پەسلىكتۇر.

* ئىلىم قازادىن ساقلاپ قالىدۇ.

* ئىلىم ئەقلىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ئىلىمدىن پايدىلىنىشنى خالىساڭلار، بىلگىنىڭلارغا ئەمەل قىلىڭلار، ئىلىمنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە داۋاملىق تەپەككۇر قىلىڭلار.

* ئىلمى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئەخلاقى ئېسىل بولىدۇ، اللهتىن قورقۇشى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

* ئىلىم بىلەن سەۋرنىڭ دەرىجىسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

* بىلگىنىگە ئەمەل قىلمىغان كىشى ئەمەل قىلىشنىڭ ساۋابىغا ئىشەنمىگەن كىشىدۇر.

* ئىلىمنىڭ مېۋىسى ئەمەل قىلغاندا ئىخلاس بىلەن قىلىشتۇر.

* ئىلىمنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى تارقىتىشتا، مېۋىسى ئەمەل قىلىش، قوغداپ قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇشتا.

* بىلمىسە بولمايدىغان ۋە بىلمەسلىك ئۆزىۈر سانالمايدىغان بىلىمنى سوراپ ئۆگەن.

* ئەمەلسىز ئىلىم، مېۋىسىز دەرەختكە ئوخشايدۇ.

* ئەمەل قىلىنمىغان ئىلىم ياسىز ئوقياغا ئوخشايدۇ.

* سېنى تۇزىتەلمىگەن ئىلىم ئازغۇنلۇقتۇر، ساڭا پايدىسى تەگمىگەن مال - دۇنيا بالادۇر.

* ئىلىم ساندۇقىدىن باشقا ھەرقانداق ساندۇقنىڭ ئىچى توشۇپ قالىدۇ، ئىلىم ساندۇقىنىڭ كېڭىيىدۇ.

* كىشىنىڭ ئىلمى كۆپەيگەنسېرى ئۆزىگە بولغان تەلىپى كۈچىيىدۇ ۋە بىلگىنىگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

* ئىلىم تەمكىنلىك بىلەن بىرلەشمىگۈچە مېۋە بەرمەيدۇ.

* ئىلىمنىڭ تىلى راستچىللىقتۇر.

* ئىلىمنىڭ يىلتىزى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە چۈشىنىشتۇر.

* ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ خاتالىقى كۆپ بولىدۇ.

* ئىلمى ئەقلىدىن ئۇستۇن كەلگەن كىشىنىڭ ئىلمى ئۇ كىشىگە ۋابال بولىدۇ.

* ئۆگەنگىنىنى ياخشى چۈشەنگەن كىشى ئىلمىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

* كىشى ئىلىم بىلەن مال - دۇنياغا ئېرىشەلمىسىمۇ گۈزەللىككە ئېرىشىدۇ.

* ئىلىم چۈشەنمىگەن كىشىگە پايدا بەرمەيدۇ، خۇددى سەۋرچانلىق سەۋر قىلمىغان كىشىگە پايدا بەرمىگەندەك.

* بىلمىگەن نەرسىلەرنى دۇشمەن تۇتماڭلار، چۈنكى ئىلىمنىڭ كۆپىنچىسىنى بىلمەيسىلەر.

* كىچىككىنە ئىلىم كۆپلىگەن نادانلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## ئالىم ھەققىدە

* سـۆزلىرىنىڭ تـوغرىلىقىنى ئەمەلـىي ھەرىكىتـى ئـارقىلىق ئىسپاتلىغان كىشى ئىلىملىك كىشى ھېسابلىنىدۇ .

* نادانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالىملار غېرىب بولۇپ قالىدۇ.

* ئالىم ئىلىمگە تويمايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىلمىگە تويمايدۇ.

* ئالىملار ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ پاك، تامـاخورلۇقتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

* ئالىملار ئىنسانلارنىڭ ئۇستىدىكى ھۆكۈمراندۇر.

* ئالىم ئۆلۈپ كەتسىمۇ يەنىلا ھايات.

* ئالىم يۈرىكى ۋە تەپەككۇرى بىلەن قارايدۇ، نادان بولسا، كۆزى بىلەن قارايدۇ.

* ئىلمىنى يوشۇرۇپ قالغان كىشى بىلگىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شەك قىلغان كىشىدۇر.

* ئالىملارنىڭ ئاپىتى مەنسەپكە ئىنتىلىشتۇر.

* ئالىمنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بول.

* ئالىمنىـڭ خاتالىششـى كېمىنىـڭ پارچىلىنىـپ كېتىشـگە ئوخشـايدۇ، كـېمە پارچىلىنىـپ كەتكەنـدە ئۆزىمـۇ غەرق بولىـدۇ، كېمىدىكىلەرنىمۇ غەرق قىلىدۇ.

* كاج ئالىم ياردەم بېرىدىغان ناداندىن ياخشىدۇر.

* بىلگەننى سۆزلەيدىغان ۋە ياكى بىلمىگەننى ئاڭلايدىغان بول، ئۇچىنجىسى بولۇپ قالما، ھالاك بولىسەن.

* يالغۇز قالغاندا ئىلمنى تەكرار قىلىپ تۇرمىغان كىشى جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ.

* ئىلمدە كامالەت تاپقانلىقىنى دەۋا قىلغان كىشى ئەمەلىيەتتە نادانلىقىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن بولىدۇ.

* مېنى ئىككى خىل كىشى بىئارام قىلىدۇ: ئەمەل قىلمايدىغان ئالىم ۋە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان نادان، بىرىنچىسى ئىلمگە ئەمەل قىلماي ئىلمدىن يىرگىنىشكە سەۋەبچى بولىدۇ، ئىككىنچىسى ئىبادىتى بىلەن ئۆزىنىڭ نادانلىقىغا دەۋەت قىلىدۇ.

* ئالىملار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىش ئالىملارنىڭ پايدىلىق سۆزلىرىنى ئىگەللەشتە ۋە پەزىلەتلىرىنى بىلىشتە ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئامىلدۇر.

* مال - دۇنيا توپلىغانلار ئۆزى ھايات بولسىمۇ يەنىلا ئۆلۈكلەر بىلەن بىرلىكتە، ئالىملار بولسا كېچە بىلەن كۈندۈز مەۋجۇت بولىدىكەن داۋاملىق ھايات، گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىز بىلەن بىرگە بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى داۋاملىق يۈرەكتە مەۋج ئۇرىدۇ.

* ئالىم ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىگە ھەسەت قىلماي، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىنى تۆۋەن كۆرمەي، ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ قارشىسىدا مال - دۇنياغا ئىنتىلمىسە، ئاندىن ھەقىقي ئالىم بولىدۇ.

* كىشىنىڭ ئىلمىنىڭ سۆزىدىن كۆپ بولۇشى ۋە ئەقلىنىڭ تىلىدىن راۋان بولۇشى كېرەك.

## ئۆگىنىش ھەققىدە

* ئەقلنى زىيادە قىلىشتا ئەڭ پايدىلىق ئامىل ئۆگىنىشتۇر.

* ئىلىم ئۈگەن، چۈنكى باي بولساڭ ئىلىم ساڭا زىنىنەت، يوقسۇل بولساڭ ساڭا ئۇ قالقان.

* ئىلىمنى لايىق بولمىغانلارغا بەرگەن كىشى ئىلىمگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

* ئىلىم ئۆگىنىڭلار، ئىلىم بىلەن تونۇلىسىلەر، ئىلىمگە ئەمەل قىلىڭلار، ئىلىم ئىگىسى بولىسىلەر.

* ئەگەر ناتىق ئالىم بولالمىساڭ، قۇلاق سېلىپ چۈشەنگۈچى بول.

* كىچىكىدە ئۆگىنەلمىگەن كىشى چوڭ بولغاندا تەرەققىي قىلالمايدۇ.

* نادانلارغا چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرمە، ئۇلار ساڭا ئىشەنمەي قويىدۇ، چۈنكى ئىلىمنىڭمۇ سەندە ھەققى بار، ئىلمىڭنىڭ سەندىكى ھەققى لايىق كىشىگە ئۆگىتىش ۋە لايىق بولمىغان كىشىگە ئۆگەتمەسلىكتۇر.

## ئۆمۈر ھەققىدە

* پايدىسىز ئىش بىلەن ئۆمرۈڭلارنى زايا قىلماڭلار، چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈر قايتىپ كەلمەيدۇ.

* سېنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىڭ ئۆمرۈڭنىڭ بىر قىسمىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن ئۆمرۈڭنى اللهقا يېقىنلاشتۇرمايدىغان نەرسىگە سەرپ قىلما.

* ئۆمرۈڭ سەن ياشاۋاتقان ۋاقىتتۇر.

* ئۆمرۈڭ ئالغان نەپەسلىرىڭنى سانىچىلىك، نەپەسلىرىڭنى ساناپ تۇرىدىغان كۆزەتچى داۋاملىق سەن بىلەن بىللە.

* كىچە بىلەن كۈندۈز ئۆمۈرنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ.

* ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈڭ قايتىپ كەلمەيدۇ، كېلەچىكىڭ نامەلۇم، هازىر سېنىڭ ئىشلەش زامانىڭ.

* بىهۇدە ئىشلار بىلەن هاياتىنى ئۆتكۈزگەن كىشى تەلەپ قىلغان نەرسىگە يېتەلمەيدۇ.

* هاياتىڭنىڭ بىر مىنۇتى ئۆمرۈڭنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

* كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، سېنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ داۋامى يوقتۇر.

## ئەمەل ھەققىدە

* ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى اللهقا ئىتائەت قىلىش، ئەڭ گۈزىلى راستچىللىقتۇر.

* اللهنىڭ دەرگاهىدىكى شەرەپ ياخشى ئىش بىلەن، ياخشى سۆز بىلەن ئەمەس.

* هەربىر كىشى ئۆز قىلمىشىنىڭ ئەسىرىدۇر.

* ئەڭ ياخشى هەمراھ ياخشى ئەمەلدۇر.

* قۇرۇق ئارزۇ ئىستەكنى دۈشمىنىڭ بىل، ياخشى ئەمەلنى هەمراهىڭ.

* قىلىۋاتقان ئىشىڭدا تىرىشچان بول، باشقىلارنىڭ خەزىنىچىسى بولۇپ قالما.

* مەخپىيەتلىكلەر ئاشكارا بولىدىغان ۋە ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنىدىغان كۈنگە تەييارلىق قىلىڭلار.

* قىلغىنىڭدىن ئۆيلىدىغان ۋە قىلمىغانلىقىڭنى دەۋا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالما.

* ئەجەلنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن قۇرۇق ئارزۇلارغا بېرىلىش ۋە ناچار ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

* راستچىللىق ئەمەلگىزدە ئىپادىلىنىدۇ.

* ئەڭ ياخشى سۆز ئەمەلىيەت تەستىقلىغان سۆزدۇر.

* ئەڭ ياخشى ئىش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلگەن ئىشتۇر، ئەڭ ياخشى سۆز بولسا راست سۆزدۇر.

* سىلەر قىلمىشلىرىڭلارنىڭ ئەسىرى ۋە جاۋابكارى.

* سىلەر گەپ قىلىشقا ئەمەس ئىش قىلىشقا موھتاج.

* ئىنسان قىلغان ئىشى بىلەن تارتۇقلىنىدۇ ۋە جازالىنىدۇ.

* ئىشنى كىچىكتۈرۈش ھورۇنلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر.

* قىلغان ئەمەلگە بېرىلىدىغان ساۋاب قىلغان ئەمەلدىن ياخشىراقتۇر.

* ئەمەلگە بېرىلگەن ساۋاب ئەمەلنىڭ مېۋىسىدۇر.

* ياخشى ئىش ياخشى سۆزنى تەستىقلايدۇ.

* گەپنىڭ ئاز، ئىشنىڭ كۆپ بولۇشى ئەڭ ياخشى پەزىلەتتۇر.

* لەززىتى كېتىپ، مەسئۇلىيىتى قالىدىغان ئەمەل بىلەن چىقىمى كېتىپ، ساۋابى قالىدىغان ئەمەل ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بار.

* جۇشقۇن ھالەتتىمۇ، سۇسلىشىپ قالغاندىمۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

* نادانىنىڭ ئىشى ھالاكەت، بىلىمى بولسا ئازغۇنلۇقتۇر.

* ھەر كىشى تېرىغىنىنى ئورۇۋالىدۇ ۋە قىلغىنىغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازاغا دۇچار بولىدۇ.

* ئــاخىرەتلىكى ئۈچــۈن ئىشــلىگەن كىشــى غەلىــبە قىلغــان كىشىدۇر.

* ياخشى ئىشلىگەن كىشى ئارمىنىغا يېتىدۇ.

* ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنى الله ئارمانلىرىغا يەتكۈزىدۇ.

* قىلغــان ئىشــىغا گۇنــاھ ئارىلاشــتۇرمىغان كىشــى قىيــامەتتە ئارمىنىغا يېتىدۇ.

* ئىشلىرىدا ئاجىز بولغان كىشىنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىدۇ.

* ئەمەلنىڭ كامالەت تېپىشى ئۈچۈن ئىخلاس كېرەك.

* ئىنسان ئۆزىنى ئىسپاتلاشتا نېمىدېگەن راستچىل، ئىنسانىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاشتا قىلمىشىدەك يەنە بىر دەلىل يوق.

* ئەۋلادلىرىڭلار تۇپراققا، بىنالىرىڭلار ۋەيران بولۇشــقا، توپلىغــان مــال - دۇنيــالىرىڭلار قولــدىن كېتىشــكە مەھكــۇم، لــېكىن قىلغــان ئىشلىرىڭلار قىيامەتكە قەدەر ساقلىنىدۇ.

* ئىنسانىنىڭ ئىشــلىرى قىلغــان ســۆزلىرىدىن ياخشــى بولۇشــى كېرەك، لېكىن سۆزلىرى قىلغان ئىشــلىرىدىن ياخشــى بولــۇپ كەتســە بولمايدۇ.

* ئىنسانىنىڭ ئىلمىگە كۆرە ئەمىلى، گېپىگە كۆرە ئىشى بولمــاي قالسا ئەيىب بولىدۇ.

* ئەمەلىيەتنىڭ تىلى سۆزلەيدىغان تىلدىن ياخشىراقتۇر.

* بىلمىگەن ئىشنى قىلىش يول يوق يەردە مېڭىشقا ئوخشايدۇ، ماڭغانسىرى مەنزىلدىن يىراقلىشىدۇ.

* ســىلەر پاســاھەتلىك ســۆزلەردىن بەكــرەك ياخشــى ئىشــقا موھتاجسىلەر.

* مۆئمىن كىشى قىلغان ئىشنى ئىشەنچ بىلەن قىلىدۇ، مۇناپىق بولسا قىلغان ئىشنى شۈبھە بىلەن قىلىدۇ.

* مۇناسىۋەتسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللانما، ساڭا يەتكىنىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلما، پۈتۈن غەيرىتىڭنى قىيامەتتە سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ئىشقا سەرپ قىل.

* ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىقى بىلەن تىرىشچانلىق قىلغان، پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا مەركەزلەشتۈرگەن كىشى نېمدېگەن بەختلىك كىشى – ھە!

* سۆزلەشكە تېگىشلىك بولمىغان مەسىلىدە كۆپ سۆزلىگەن كىشى ئۆزىنى مالامەتكە دۇچار قىلىپ قويىدۇ.

## ئادەتلىنىش ھەققىدە

* ئادەتنى مەغلۇپ قىلىش ئەڭ ياخشى ئىبادەتتۇر.

* تەنھەرىكەتنىڭ ئاپىتى ئادەتنىڭ غالىب كېلىشىدۇر.

* ئادەتلىرىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار، تائەت - ئىبادەت ئاسان بولىدۇ.

* داۋاملىق چاقچاق قىلغان كىشىنىڭ راست گەپلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

## قىيامەت ھەققىدە

* قىيامەتنى ئەسلەپ، ئۇزۇق - تۈلۈكلەرنى كۆپەيتكەن كىشى نېمدېگەن ئامەتلىك كىشى.

* بارلىق كۈچۈڭنى سەرپ قىلىپ، قىيامەتكە تەييارلىق قىل.

* ئاخىرەتنى ئىسلاھ قىلغان كىشى توغرىنى تاپقان بولىدۇ.

* قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەن كىشى دۇنيادا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا ئۆكۈنىدۇ ۋە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۆرتىنىدۇ.

## ياردەم ھەققىدە

* ئاجىز كىشىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.
* دۈشمىنىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان كىشى دۈشمىنىدىن تېخىمۇ ئارقىدا قالىدۇ.
* ئەقىللىق كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلغان كىشى ھىدايەت تاپقان بولىدۇ.

## ۋەدە ھەققىدە

* ۋاپا ۋەدىنى ساقلاشتۇر، ئادەمگەرچىلىك بولسا تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر.
* ۋاپا راستچىللىقنىڭ قوشكېزىكىدۇر، ۋاپادىن كۈچلۈكرەك قالقان بولغان ئەمەس.
* ۋەدىنىڭ ئاپىتى ۋەدىگە رىئايە قىلىشنىڭ كەملىكىدۇر.
* ۋەدەڭنى ۋاپا بىلەن تۈت، قىيامەتتە مۇكاپاتى كاتتا بولىدۇ.
* ۋاپا دىيارىدا مەرد كەم بولمايدۇ، نامەرد داۋاملىق تۇرالمايدۇ.
* ۋاپا ئەقىلنىڭ مېۋىسىدۇر ۋە ئېسىللىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.
* ۋەدە كېسەللىكتۇر، كېسەلنىڭ شىپاسى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتۇر.
* راستچىللىقنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋاپادۇر، تەقۋادارلىقنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئېھتىياتتۇر.
* ۋاپا قىلالمايدىغان ۋەدىنى قىلما.

* ۋەدىــگە ۋاپــا قىلمىغــان كىشــى ئەھــدىگە ئەمەل قىلمىغــان بولىدۇ.

* ۋاپا قىلغان كىشى تاللاشقا لايىق كىشىدۇر.

* چىرايلىق رەت قىلىش يالغان ۋەدىدىن ياخشىراقتۇر.

* ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئېسىللىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

* ســۆيگۈنىڭ ســاپ بولۇشــى ۋە ۋەدىــگە ۋاپــا قىلىــش ياخشــى ئەھدلەردىندۇر.

* دىنى يوق كىشىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمە.

* ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەڭ ياخشى خىسلەتتۇر.

* ۋاپا دەرياسىغا كەلگەن كىشى پاكلىق سۈيىگە قانىدۇ.

* يۈرىكىگە ۋاپا ئورنىغان كىشىدىن ئىنسانلار خاتىرجەم بولىدۇ.

* ۋەدىسىنى ئۇزاتقان كىشى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان كىشىدۇر.

## ئەيىب ھەققىدە

* ئۆزۈڭدە بار ئەيىب بىلەن باشــقىلارنى ئەيىــبلەش ئەڭ چــوڭ ئەيىبتۇر.

* قەلپ كۆزلىرى يوشۇرۇن ئەيىبلەرنى بىلىۋېلىشقا يېقىنلىشىدۇ.

* ئەيىبــى كــۆپ كىشــىلەر ئەيىبلىرىنــى يوشــۇرۇش ئۈچــۈن باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى تارقىتىدۇ.

* ئاشــىقنىڭ كــۆزى مەشــۇقنىڭ ئەيىبلىرىنــى كۆرەلمەيــدۇ، ئاشىقنىڭ قۇلىقى مەشۇقنىڭ يامان سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

* ئۆزىنىــڭ ئەيىبىنــى بىلــگەن كىشــى باشــقىلارنىڭ ئەيىبىنــى تارقىتىشتىن قول ئۈزۈش كېرەك.

* ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشى سېنىڭ دوستۇڭدۇر.

* ئەيىبىڭنى يوشۇرغان كىشى سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر.

* ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشى يوق يېرىڭدە يامان گېپىڭنى قىلمايدۇ.

* ئەيىبىڭنى يوشۇرغان كىشى، يوق يېرىڭدە سېنى ئەيىبلەيدۇ.

* ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەن كىشى ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيدۇ.

* كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭكىنى كۆرمىگەن كىشى ئەخمەق كىشىدۇر.

* ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلمەسلىك ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ ئەيىبتۇر.

* ئەيىبىڭنى داۋاملىق تىلغا ئالغان كىشى سەن يوق يەردە سېنى ئايىمايدۇ.

* كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرمە، چۈنكى سېنىڭ ئۆزۈڭگە يەتكۈدەك ئەيىبىڭ بار.

* ئەيىب ئىزدەش ئەڭ چوڭ ئەيىب ۋە ئەڭ قاتتىق گۇناھتۇر.

* قوشنىسىنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرى ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ.

* باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىگەن كىشىنىڭ ئەيىبىنى الله ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

* ئەيىبلەرگە ئىنتىلگەن كىشىنى الله ھەرقانداق مېھىر - مۇھەببەتتىن ئۈزاقتا قويىدۇ.

* ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىڭنى بىلسەڭ، دوستۇڭنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغىن.

## تىرىكچىلىك ھەققىدە

* ئەڭ ياخشى ياشاش قانائەتتۇر.

* ئەڭ ياخشى ھايات كىشىلەر ئۇنىڭ زامانىدا ياخشى ياشىغان ھاياتتۇر.

* ياخشى تەخمىن قىلىپ، ياخشى تەدبىر بىلەن ياشاش ئەڭ ئېسىل ھاياتتۇر.

* بەختلىكنىڭ ئۆلۈمى بەختسىزنىڭ ھاياتىدىن ياخشىراقتۇر.

* ئىنسان ئۈچ ئىللەت بىلەن خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ: ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە يامان ئەخلاق.

* ھاياتنىڭ گۈزەللىكى قانائەتتە.

* يوقسۇللۇقتا تېجەپ ياشاش، مال - دۇنيا تېپىپ ئىسراپ قىلغاندىن ياخشىراقتۇر.

* راھەتكە بېرىلىش مەنپەئەت يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

## نامەھرەمدىن ساقلىنىش ھەققىدە

* نامەھرەمگە قارىماسلىق ئەخلاقتا كامالەت تېپىشتىندۇر.

* نامەھرەمگە قارىمىغان كىشىنىڭ يۈرىكى ئارام تاپىدۇ.

* نامەھرەمگە قارىمىغان كىشىنىڭ پۇشايمىنى ئاز بولىدۇ ۋە تالاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* نامەھرەمگە قارىماسلىق شەھۋەتنى توسىدىغان ئەڭ ياخشى ئامىلدۇر.

* كۆزنى ئەركىن قويىۋەتكەن كىشى ئۆلۈمنى چاقىرغان كىشىدۇر.

* كۆز يۈرەكنىڭ ئەلچىسىدۇر.

* كۆز شەھۋەتنى كۆرگەندە، يۈرەك ئاقىۋەتنى ئويلىيالمايدۇ.

# 17- باب

## ھەۋەس ھەققىدە

* ئىشەنچىسى كۈچلۈك كىشى ھەۋەس قىلىنىدىغان كىشىدۇر.
* كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان ئۈمىدكە باغلىنىپ قالغان ئىنسانلارمۇ بار.
* نېمەتكە ئېرىششنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىنسانلار بار، ھالبۇكى، ئۇ ئىنسانلار قىيامەتتە ھالاك بولۇشتۇر.

## زىيان ھەققىدە

* دۇنيا بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاخىرەتتىن مەھرۇم قالغان كىشى زىيان تارتقان كىشىدۇر.
* ئالىي جەننەتنى گۇناھقا تېگىشكەن كىشى زىيان تارتقان كىشىدۇر.

## دۆتلۈك ھەققىدە

* دۆتلۈككە زېرەكلىك بىلەن قارشى تۇرۇڭلار.
* كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەستىن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشى دۆتلىككە يېتەرلىكتۇر.

## ئالدامچىلىق ھەققىدە

* ھەرقانداق كىشىنى ئالداش قەبىھ، كۈچ - قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئالدىشى تېخىمۇ قەبىھ.

* ئالــدامچىلىق قەدىــر - قىممەتنـــى چۈشــىرىدۇ ۋە گۇنــاھنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

* مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ئەڭ يامان خىيانەتتۇر.

* ياخشىلىققا ئەمەل قىل، يامانلىقتىن يىراق تـۇر، خىيـانەتتەك رەزىللىكــكە قەتئىـــي قارشـــى تـۇر، ئالــدامچىلىق بىــلەن دوســتىنىڭ دوستلۇقى داۋاملاشمايدۇ.

* سەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىشــنى نــيەت قىلغــان، قارشــى تەرەپ سېنى ئالداشنى پىلانلىغان بولسا، ئەڭ تېز جازاغا يولىقىدۇ.

## مەغرۇرلىنىش ھەققىدە

* دۈشــمەنگە قارشـــى بوشــاڭلىق قىلىـــش مەغرۇرلىنىشــنىڭ پەللىسىدۇر.

* مەغرۇرلۇقنــىڭ ھــالاكەتلىرىگە يولۇقمىغــان كىشــى بەختلىــك كىشىدۇر.

* نەپسىنىڭ دېگەنلىرىگە  پۈتۈنلەي ئىشــنىش مەغرۇرلىنىشــتا يېتىپ ئاشىدۇ.

* پۇرسەتلەردە مەغرۇرلانغان كىشى ئەجەل كەلگەندە ھەسرەت چېكىدۇ.

* ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن مەغرۇرلانغان كىشى تەدبىر ئىشلىتىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* پەلەكنىــــڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكىـــدىن مەغرۇرلانغـــان كىشـــى كۈلپەتلەر تۇيۇقسىز كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ.

* مەغرۇرلانغان كىشىنىڭ ھەممىسى نىجاتلىققا ئېرىشــەلمەيدۇ، تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ ھەممىسى ھاجەتمەن ئەمەس.

## غەزەپ ھەققىدە

* غەزەپ، غەزەپلەنگەن كىشىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە غەزەپلەنگەن كىشىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلايدۇ.

* غەزەپ يانغان ئوتقا ئوخشايدۇ، غەزىپىنى بېسىۋالغان كىشى ئوتنى ئۆچۈرگەن بولىدۇ، غەزىپى بويىچە ئىش قىلغان كىشى ئوتتا تۇنجى كۆيگەن كىشى بولىدۇ.

* غەزەپ ئۆچمەنلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ.

* غەزەپتىن يىراق تۇر، چۈنكى غەزەپنىڭ بېشى ساراڭلىق، ئاقىۋىتى نادامەتتۇر.

* ئەڭ تۇغرا ئىش قىلىدىغان كىشى، غەزەپلەنمەيدىغان كىشىدۇر.

* غەزەپنىڭ تېشىشىدىن ساقلىنىڭلار ۋە غەزەپنى چەكلەيدىغان سەۋر ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىش بىلەن داۋاملىق سۈپەتلىنىڭلار.

* ئاچچىقىنى بېسىۋالغان ۋە كۈچى يەتكەننى ئەپۇ قىلغان كىشى ئەڭ ئېسىل كىشىدۇر.

* غەزەپ يۈرەكنىڭ ئوتىدۇر.

* غەزەپ ئەقىلنى كېسىدۇ ۋە ساۋابتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

* غەزەپنىڭ تاشقىنىغا ئەگەشسەڭلار، سىلەرنى ھالاكەت جىلغىسىغا باشلاپ بارىدۇ.

* غەزەپنى سۈكۈت بىلەن، شەھۋەتنى ئەقىل بىلەن داۋالاڭلار.

* ھالاكەتنىڭ سەۋەبى غەزەپكە باش ئېگىشتۇر.

* غەزەپ ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ ۋە كىشىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

* غەزىپىڭ ئاستا، غەزەپنى بېسىشىڭ تېز بولسۇن ۋە ئۆزرىنى قوبۇل قىلىشنى ياخشى كۆرگىن.

* غەزىپىگە بويسۇنمىغان كىشى سەۋرگە ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.

* غەزىپىگە ئىتائەت قىلغان كىشىنىڭ ھالاكىتى يېقىنلىشىدۇ.

* غەزىپى بىلەن شەھۋىتىگە مەغلۇپ بولغان كىشى ھايۋانلار قاتارىدىدۇر.

* غەزەپكە ئالدىرىما، سەندىن غالىب كېلىدۇ.

## ئىستىغپار ھەققىدە

* ئىستىغپار گۇناھنى يۇيىدۇ.

* ئىستىغپار گۇناھنىڭ شىپاسىدۇر.

* يامانلىقنى ياخشىلىق قىلمىغان كىشى اللهنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## غەپلەت ھەققىدە

* يۈرەكنى غەپلەت باسقاندا كۆز ھېچنېمىگە كار قىلمايدۇ.

* غەپلەت مەغرۇرلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ ۋە ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

* غەپلەتتىن ۋە بېرىلگەن پۇرسەتتە مەغرۇرلىنىشتىن يىراق تۇر، چۈنكى غەپلەت ئەمەللەرنى بۇزىدۇ، ئەجەل ئارمانىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

* غەپلەت ئازغۇنلۇق، مەغرۇرلىنىش بولسا نادانلىقتۇر.

* غەپلەت روھنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە تەلەيسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

* مەغـرۇرلىنىش ۋە غەپلەتنىــڭ مەسـلىكى ھـاراق - شـارابنىڭ مەسلىكىدىن ياماندۇر.

* غەپلەتكە بېرىلىش مەغرۇرلىنىشتۇر.

* ئۆلـۈم ئالـدىرىتىۋاتقان تۇرۇقلـۇق يەنە غەپلەتــتە تۇرىۋاتقــان كىشىگە ھەيرانمەن.

* غەپلەتكە بېرىلگەن كىشىنىڭ ھالاكىتى تېز بولىدۇ.

* كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە غەپـلەت كـۆزى بىــلەن قارىغـان كىشىنى ئۆلۈم ئويغىتىدۇ.

## خىيانەت ھەققىدە

* ئالدامچىنىڭ تىلى تاتلىق، دىلى زەھەردۇر.

* خىيانەت يۈرەكنىڭ كېسىلىدۇر.

* دوستىنى ئالـداش ۋە توختامغـا ئەمەل قىلماسـلىق، ئەھـدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشتۇر.

* دۈشمەنلىكىدە سېنى ئالدىغان كىشــىگە كايىمـا ۋە مـالامەت كۆرسەتمە.

## غەم - قايغۇ ھەققىدە

* قايغۇ جىسمنى چىرىتىدۇ.

* قايغۇ جىسمنى ئېرىتىدۇ.

* لەززەتكە قارىتا دەرد بولىدۇ.

* قايغۇغا قارىتا پۇرسەت بولىدۇ.

* ھىممەتكە قارىتا قايغۇ بولىدۇ.

* بەزى كىشىلەرنىڭ قايغۇسى ئۆمۈرلۈك خۇشاللىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

* قايغۇسى كۆپ بولغان كىشى جىسمانىي جەھەتتىن كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

## بايلىق ھەققىدە

* بايىنىڭ نادانلىقى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، يوقسۇلنىڭ بىلىمى بولسا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ.

* يوقسۇللارغا بېخىللىق قىلماسلىق بايلارنىڭ مەجبۇرىيىتى.

* ئاچ كۆزلۈككە ئەسىر بولمىغان كىشى ئەڭ باي كىشىدۇر.

* بايلىق بىلەن يوقسۇللۇق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ھەقىقىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

* ئىككى نەرسىنىڭ قەدرى قولدىن چىقىپ كەتمىگۈچە بىلىنمەيدۇ: بايلىق ۋە كۈچ - قۇدرەت.

* نەپسىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىكىلەرگە قاراپ قالماسلىقى ھەقىقىي بايلىقتۇر.

* بايلىقتا مەغرۇرلىنىش، ھاكاۋۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* بايلىقنىڭ نېسىپ بولماسلىقى ئەقىللىقلار ئۈچۈن غەنىمەت ۋە ئەخمەقلەر ئۈچۈن ھەسرەتتۇر.

* تەدبىرسىزلىك بىلەن باي بولغىلى بولمايدۇ.

## غەيۋەت ھەققىدە

* غەيۋەت دوزاخ ئىتلىرىنىڭ ئوزۇقىدۇر.

* غەيۋەتكە قـۇلاق سـالغان كىشـى غەيـۋەت قىلغـان كىشـىگە ئوخشاش.

* غەيۋەتخور ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ.

* كىچىككىنە غەيۋەتمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

* ئى اللهنىڭ قۇلى! ھېچقانداق بىر بەنـدىنى تېـزلا ئەيـىبلىمە، بەلكى الله ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىۋەتكەنـدۇ، ئۆزۈڭنىـڭ كىچىككىــنە گۇناھىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولمـا، بەلكـى سـەن شـۇ ئـارقىلىق قـاتتىق جازالىنىشىڭ مۇمكىن.

## كۆنلەش ھەققىدە

* ئورۇنسىز يەردە كـۈنلىمە، چـۈنكى ئـۇ بىگۇنـاھنى گۇناھكـار، گۇناھكارنى بولسا بىگۇناھ قىلىپ قالىدۇ.

* ئەر كىشىنىڭ كۈنلىشى ئۇنىڭ غۇرۇرىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* خوتۇن كىشىنىڭ كۈنداشلىق قىلىشى دۈشمەنلىكتۇر.

* ئەر كىشىنىڭ كۈنلىشى ئۇنىڭ ۋىجدانىغا باغلىقتۇر.

# 18- باب

## پىتنە - پاسات ھەققىدە

* پىتنە - پاسات زامانىدا ياش تۆگىگە ئوخشاشلا بول، ئۇنىڭ ھەم سۈتى يوق، ھەم مىنگىلى بولمايدۇ.

* پىتنە - پاسات ئوتىنى تۇتاشتۇرغان كىشى پىتنە - پاساتنىڭ تۇنجى ئوتۇنى بولۇپ قالىدۇ.

* پىتنە - پاساتنىڭ داۋاملىشىشى ئەڭ چوڭ ئاپەتتۇر.

* بۇزۇقچىلىق خارلىق قورغىنىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەھلىنى ۋە ئۇ قورغانغا تايانغاننى قوغدىيالمايدۇ.

* بۇزۇقلارنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى ئېسىللارنى خارلايدۇ.

* بۇزۇقلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلماسلىقى كېرەك.

* بۇزۇقچىلىقنى تارقاتقان كىشى بۇزۇقچىلىق قىلغان كىشىگە ئوخشاش.

## سەت گەپ ھەققىدە

* سەت ۋە يالغان گەپتىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئىككىسى سۆزلىگۈچىگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ.

* سەت گەپ قىلغان كىشى ھەسەتخورلىرىنى خۇشال قىلىدۇ.

* ئىككى كىشى تىللىشىپ قالسا، نامەردراقى غالىب بولىدۇ.

## پەخىرلىنىش ھەققىدە

* ئىنسان بالىسىغا پەخىرلىنىش ياراشمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ باشلىنىشى بىر تامچە سۇ، ئاقىۋىتى بولسا قۇرۇق جەسەت، ئۆزىگە رىزىق بېرەلمەيدۇ ۋە ئۆلۈمنى توسالمايدۇ.

* پەخىرلىنىش ئالىي ھىممەت، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ۋە سېخىيلىق بىلەن بولىدۇ، چىرىپ كەتكەن سۆڭەك ۋە ناچار ئەخلاق بىلەن ئەمەس.

* پەخىرلىنىش قەدىرسىزلىكتىن بولىدۇ.

## پۇرسەت ھەققىدە

* پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن كىشى خاتىرجەمسىزلىكتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

* چەبدەسلەر نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، سۆرەلمىلەر قۇرۇق ئارزۇ بىلەن قېلىپ قالىدۇ.

* ئىمكانىيەت يار بەرگەندە پۇرسەتتىن پايدىلان، چۈنكى پۇرسەت قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

* سىقىلىشتىن ئىلگىرى كۆكسىڭلارنى كەڭرى تۇتۇڭلار، مەجبۇرلىنىشتىن ئىلگىرى ئاللەنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇڭلار.

* كەتكەن پۇرسەتنىڭ قايتىپ كېلىشى ناتايىن.

* سائەتلەر ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ ۋە ئۆلۈمنى يېقىنلاشتۇرىدۇ.

* قىيامەتكە بېرىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق قىل، مەنزىلگە يېتىشتىن ئىلگىرى مەنزىلنى تەييار قىل.

* باياشات كۈنلىرىڭدە ئاپەتلىك كۈنلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىل.

* ئىنساننىڭ خۇشاللىق ۋاقىتلىرى ئاز بولىدۇ.

* پۇرسەت كەلگەندە قولدىن بەرمە، چۈنكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىش پۇشايمانلىقنى كەلتۈرىدۇ.

* ئەڭ ناچار ئاپەت پۇرسەتنى قولدىن بېرىشتۇر.

* ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭ تارىختا قالدى، كەلگۈسىڭ نامەلۇم، شۇنداق ئىكەن، كۈنلىرىڭنى ئەمەل - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگىن.

* پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ھەسرەتتۇر.

* ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن قىلىنغان تەييارلىق پايدا بەرمەيدۇ.

* ئۆتكەن كۈنىڭ كەتتى، ئەتىكىسى نامەلۇم، ۋاقتىڭ سېنىڭ غەنىمىتىڭدۇر، شۇنداق، سەن چوقۇم ئىمكانىيەتىڭ بېرىچە پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىڭ ۋە پەلەكنىڭ يالغانلىرىغا ئىشەنمەسلىكىڭ كېرەك.

* پۇرسەتتە قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان كىشى پۇرسەت قولدىن كەتكەندە ھەسرەتتە قالىدۇ.

* پۇرسەتنى ئۆتكىزىۋاتقان كىشى پۇرسەتنىڭ قولدىن كەتكىنىگە ئىشىنىشى كېرەك.

* پۇرسەتكە ئېرىشكەن كىشى ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

## پاساتچىلىق ھەققىدە

* پاساتچىلىقتا خۇشال بولغان كىشى قىيامەتتە يامان كۈنگە قالىدۇ.

* الله بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان كىشىنىڭ ھېچكىم بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

* ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى بۇزما.

## پەزىلەت ھەققىدە

* ئـۆزۈڭنى پەزىلەتـكە مەجبـۇرلا، چـۈنكى نەپسـىڭ يامـانلىق ئۈستىگە يارىتىلغان.

* قىينچىلىقلار ئارقا - ئارقىدىن كەلگەندە ئىنسانىنىڭ پەزىلىتى نامايان بولىدۇ.

* كىشـىنىڭ ئەقلـى ۋە ئېسـىل ئەخلاقـى ئۇنىـڭ پەزىلىتىنىـڭ بەلگىسىدۇر.

* كىشىنىڭ پەزىلىتى سۆزىدىن بىلىنىدۇ.

* پەزىلەت كامالەت ۋە ئېسىل خىسلەت بىـلەن بولىـدۇ، مـال - دۇنيانىڭ كۆپلۈكى ۋە قىلغان ئىشلارنىڭ شۆھرىتى بىلەن ئەمەس.

* ئـاچچىقىنى باسـالىغان ۋە شـەھۋىتىنى باشـقۇرالىغان كىشـى پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ.

* ئىنسانىنىڭ ئىككى دەستۇرى بـار: ئەقـىل ۋە تـىل، ئەقلـىدىن پايدىلىنىدۇ، تىل بىلەن پايدا يەتكۈزىدۇ.

* قىلغان ئەيۋچانلىقىغا مىنـنەت قىلمىغـان كىشـى پەزىلەتلىـك كىشىدۇر.

* تىلنى يىغىش ۋە ياخشىلىق قىلىش ئىنسـانىنىڭ ئەڭ ياخشـى پەزىلەتلىرىدىندۇر.

* ياخشىلىق قىلىش، ھاجەتمەنـنىـڭ ھـاجىتىنى راۋا قىلـىش ۋە بىر نەرسە سـورىغاندا چىـرايلىقچە سـوراش ئىنسـانىنىڭ ئەڭ ئېسـىل پەزىلەتلىرىدىندۇر.

* پەزىلەتتىگە قىلغان ئىشىڭ، سـېخىلىقىڭغا بەرگىنىـڭ دەلـىل بولىدۇ.

## يوقسۇللۇق ھەققىدە

* يوقسۇللۇق مۇئمىننىڭ ياخشىلىقى ئۇچۇندۇر، چۈنكى ئۇ مۇئمىننى قوشنىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن، قېرىنداشلارنىڭ ناچارلىق قىلىشىدىن ۋە پادىشاھنىڭ زوراۋانلىقىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

* يوقسۇللۇق مەنىۋىيەتنى خوراتقۇچى، ئەقىلنى دەھشەتكە سالغۇچى ۋە قايغۇلارنى ئېلىپ كەلگۈچىدۇر.

* قەبرە يوقسۇللۇقتىن ياخشىراقتۇر.

* قەرز بىلەن يوقسۇللۇق ئۆلۈمگە بارەۋەر.

* يوقسۇللۇقتا ئەقىللىق ئادەممۇ ئۆز گېپىنى تېپىپ قىلالمايدۇ.

* رەسۋا قىلىدىغان يوقسۇللۇق، رەسۋا قىلىدىغان بايلىقتىن ياخشىراقتۇر.

* بايلىقنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن يوقسۇللۇقنىڭ زىينى ياخشىراقتۇر.

* ھەرقانداق يوقسۇللۇقنىڭ چىقىش يولى بار، لېكىن ئەخمەقلىقنىڭ يوقتۇر.

* خارلىققا ئۇچرىغاندىن، يوقسۇللۇققا مۇپتىلا بولغان ياخشى.

* شىكايەتنىڭ ئەڭ روشەنراقى ئاپەت مەيدانغا كەلگەندا!

* غۇربەتتە خارلىق يوق، لېكىن خارلىق ۋەتەن ئىچىدىكى يوقسۇللۇقتا.

* الله ئەڭ يامان كۆرىدىغان بەندە تەكەببۇر يوقسۇل، زىناخور قېرى ۋە بۇزۇق ئالىمدۇر.

* بەزى يوقسۇللار بار، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بەك باي، يەنە بەزى بايلار بار، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بەكلا يوقسۇل.

* يوقسۇل كىشى مەجبۇر بولمىسا باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك.

* بەزى يوقسۇللار بار، ئۇلار ئارسلاندىنمۇ ئەزىزدۇر.

## تەپەككۇر ھەققىدە

* ئەقلىنىڭ ئەسلى تەپەككۇر، مېۋىسى سالامەتتۇر.

* خاتالىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىش قىلىشتىن ئىلگىرى ئويلىنىش، گەپ قىلىشتىن بۇرۇن تەمكىن بولۇشتا.

* پىكىر ھىدايەت، غەپلەت يوقىتىش دېمەكتۇر.

* ياخشىلىقنى ئويلاش ياخشىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

* ئاقىۋەتنى ئويلاش ھالەكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

* ئاقىۋەتكە قاراش ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدۇ.

* ئىرادە قىلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئويلان، ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى مەسلىھەت سال، ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى تەدبىرلىرىڭنى ئال.

* سېنىڭ ئىزدىنىشىڭ ساڭا يول كۆرسىتىدۇ ۋە سېنى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

* داۋاملىق ئىزدىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىش، ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە خاتالىقلاردىن ساقلاپ قالىدۇ.

* تەمكىنلىك بىلەن ئويلىنىش ئالدىراقسانلىقتىن ئەلبەتتە ياخشى.

* ئۇزۇن ئويلىنىش ياخشى ئاقىۋەتكە ۋە ئىشلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

* ئۇزۇن ئويلاش تەدبىرنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

* ئۆزۈن ئويلاش مەسلىھەتچىنىڭ پىكرى بىلەن باراۋەر.

* تەپەككۇرغا بېرىلگىن، چۈنكى تەپەككۇر ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى تۈزىتىدۇ.

* تەپەككۇرىڭ ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە ئاخىرەتلىكىڭنى ئىسلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

* تەخمىن قىل، ئاندىن كەس، ئويلان ئاندىن سۆزلە، ئېنىقلا ئاندىن ئىشلە.

* ئۆزۈن ئويلىغان كىشى ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ.

* ئىش قىلىشتىن ئىلگىرى ئويلانغان كىشىنىڭ توغرىلىرى كۆپ بولىدۇ.

* تەپەككۇرى ئاز بولغان كىشىنىڭ مەغرۇرلىنىشى كۆپ بولىدۇ.

* ئاقىۋەتنى ئويلىغان كىشى خېيىمخەتەر قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* ئەيش-ئىشرەتنى كۆپ ئويلىغان كىشىنى ئەيش - ئىشرەت مەھلىيا قىلىۋالىدۇ.

* تەپەككۇر كۆزىنى ئېچىپ يۈرگەن كىشى غايىسىگە يېتىدۇ.

* ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى كۆپ ئويلاش خاتادىن ساقلاپ قالىدۇ.

* تەپەككۇر ئىبرەت ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، خاتالىقنى ئاز قىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ ۋە ئەقىللىق بولۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

# 19- باب

## يۈزلىنىش (خۇسۇسەن اللهقا يۈزلىنىش)

* توغرا تاللاش، ئېسىل كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش يۈكسىلىشىنىڭ ئىسپاتلىرىدىندۇر.

* ئېسىل كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىش ئىلگىرىلەشنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

* توغرا سۆزلەش ۋە قىلغان ئىشلاردا مۆلايىم بولۇش ئىلگىرىلەشنىڭ سەۋەبىدۇر.

## كۈچ - قۇۋۋەت ھەققىدە

* مەنىۋى كۈچ ياخشى - يامان سۈپەتلەرنى ئاشكارىلايدۇ.

* مەنىۋى كۈچ ئاشقانىسېرى شەھۋەت ئازىيىدۇ.

* كۈچ يەتمىگەندە خىلمۇ - خىل باھانىلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

* كۈچلۈك كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئىشى كەچۈرۈشتۇر.

## قەدىر - قىممەت ھەققىدە

* ئۆز قەدرىنى بىلگەن كىشىنى كىشىلەر ھۆرمەتلەيدۇ.

* باشقان قەدىمىنى بىلمىگەن كىشى نادامەت يولىدا يىقىلىپ چۈشىدۇ.

* ھەددىنى بىلگەن كىشى قىممىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

* قەدرىنــى بىلــگەن ۋە ھەددىــدىن ئاشــمىغان كىشــگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* تــۆرگە چىقىشــقا ئالــدىرىما، ســېنىڭ يــۇقىرى ئورۇنغــا كۆتۈرۈلۈشىڭ، يۇقىرى ئورۇندىن چۈشۈرۈۋېتىشىڭدىن ياخشى.

## قۇرئان كەرىم ھەققىدە

* قۇرئاننىڭ كۆرۈنۈشى گۈزەل، مەنىسـى چوڭقـۇر، مـۆجىزىلىرى تۈگىمەيـدۇ، سـىرلىرى ئېچىلىـپ بولالمايـدۇ، قـاراڭغۇلۇق ئۇنىڭسـىز يورىمايدۇ.

* قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئويلىنىڭلار، ئىبـرەت ئـېلىڭلار، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئىبرەتلەر ماكانىدۇر.

* قۇرئاننى ئۆگىنىڭلار، چـۈنكى ئـۇ يۈرەكنىـڭ باھـارى. قۇرئـان كەرىمنىڭ نۇرىـدىن تويغـۇچە ئـوزۇقلىنىڭلار، چـۈنكى ئـۇ يۈرەكنىـڭ دورىسىدۇر.

* قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى گۈزەل، مەنىلىرى چوڭقۇردۇر.

* قۇرئان كەرىمنى ھاۋايى - ھەۋەس ئۆزگەرتەلمەيـدۇ، شـەك - شۈبھە ۋە ھەر خىل كۆز قاراشلار بىلەن ئارىلىشىپ قالمايدۇ.

* قۇرئاننىــڭ مــۆجىزىلىرى تۈگىمەيــدۇ، ســىرلىرى ئېچىلىــپ بولالمايدۇ ۋە شەك - شۈبھىلەر ئۇنىڭسىز ئېچىلمايدۇ.

## تەۋبە ھەققىدە

* پەرۋەردىگارىنى تونۇغان كىشى گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

* گۇناھنى ھەممىدىن بەكرەك تەۋبە يۇيىدۇ.

* ئەيىۇ قىلىش ئىقرار بىلەنلا بولىدۇ.

## قىسمەت ھەققىدە

* ئەڭ ياخشى قىسمەت جىسمىنىڭ ساغلاملىقىدۇر.
* ئەڭ ياخشى قىسمەت قانائەت ۋە جىسمىنىڭ ساغلاملىقىدۇر.
* اللەنىڭ قىسمىتىگە رازى بولغان كىشى اللەنىڭ رىزىق بېرىشىدىن شۈبھىلەنمەيدۇ.

## ئوتتۇرا ھال بولۇش ھەققىدە

* يولىمىز ئوتتۇرا ھال يول، پىرىنسىپىمىز ھەققانىيەتتۇر.
* ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇرا ھال بول، ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن كىشى زالىم بولىدۇ، ئوتتۇر يولنى تۇتقان كىشى ئادىل بولىدۇ.
* تاماق يېگەندە ئاز يېگىن، چۈنكى ئۇ ئىسراپخورلۇقتىن يىراق ۋە جىسمىغا پايدىلىقراق، ئىبادەتكە ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولغۇسىدۇر.
* تېجەشچانلىقتىن ئېشىپ كەتكەن نەرسە ئىسراپخورلۇقتۇر.
* تېجەشچانلىقنى قاملاشتۇرالمىغان ئادەمنى ئىسراپخورلۇق ۋەيران قىلىدۇ.
* بايلىقتىمۇ، كەمبەغەللىكتىمۇ تېجەشچان بولغان كىشى چوقۇم زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە تەييارلىق قىلغان بولىدۇ.
* بۇزۇپ - چاچماستىن ئادەمگەرچىلىك قىلىش ۋە ئىسراپ قىلماستىن سېخىيلىق قىلىش تېجەشچانلىقتۇر.
* سېنىڭ تايانچىڭ تېجەشچانلىق، غايەڭ ھىدايەت بولسۇن.

## قازا ۋە قەدەر ھەققىدە (تەقدىر)

* بەزى ئىشلار تەدبىر ۋە مۆلچەرنىڭ ئەكچىسىمۇ بولىدۇ.

* تەقدىر كەلگەندە ئېھتىيات بۇزۇلىدۇ.

* ﷲنىڭ تەقدىرى كەلگەندە پىلان - تەدبىرلەر ئىشقا يارىمايدۇ.

* ﷲ تائالا ھەر نەرسىگە تەقدىر بەلگىلىدى ۋە ھەربىر تەقدىرگە مەلۇم بىر ۋاقىت بەلگىلىدى.

* ئەقىدىسى كۈچلۈك بولمىغان كىشى قانداقمۇ تەقدىرگە رازى بولسۇن؟

* تەقدىر كەلگەندە كۆز كور بولىدۇ.

* قازا تەقدىر بىلەن بولىدۇ، ھەرگىزمۇ تاللاش ۋە تەدبىر بىلەن ئەمەس.

* قازا ۋە قەدەر قاراڭغۇ يول، ئۇ يولدىن ماڭماڭلار، ئۇ چوڭقۇر دېڭىز، ئۇنىڭغا كىرمەڭلار، ئۇ، ﷲنىڭ سىرلىرىدىندۇر، ئۇنى سۈرۈشتە قىلماڭلار.

* تەقدىر ئېھتىياتتىن غالىب كېلىدۇ.

## قازى ھەققىدە

* قازىلارنىڭ ئاپىتى تاماخورلۇقتۇر.

* ھەزرىتى ئەلى ئۆزىنى ئەيىبلىگەن كىشى ھەققىدە: ئۇ قارىغۇ تۆگىگە مىنىپ يۈرگەن ناماز شام قارىغۇسىغا ئوخشايدۇ، قاتمۇ - قات نادانلىق ئىچىدىكى نادان ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلارنى، يالغان - ياۋىداق گەپلىرنى ياخشى كۆرىدۇ، - دېگەن ئىكەن.

* ھۆكۈم قىلغاندا زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى زاۋاللىقا مەھكۇمدۇر.

## قەلب ھەققىدە

* قەلب تەقۋادارلىقتىن يىراق بولسا، دۇنيا پىتنە - پاساتلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

* قەلبىنى تەپەككۇر بىلەن، تىلىنى اللهنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقەتەن بەختلىك كىشىدۇر.

* قەلبى خىيانەت ۋە ئالدامچىلىقتىن يىراق بولغان كىشى تەلەيلىك كىشىدۇر.

* قەلبى ئىشەنچ بىلەن تولغان كىشى بەخت گۈلى ئېچىلغان كىشىدۇر.

* قەلب بوش بولسا، جىسمنىڭ يوغانلىقى ۋە ئۇزۇنلىقى ھېچنىمگە يارىمايدۇ.

* ئەخمەقنىڭ يۈرىكى ئېغىزىدا، ئەقىللىقنىڭ تىلى يۈرىكىدە.

* ئەخمەقنىڭ ئەقلى تىلىنىڭ ئارقىسىدا، ئەقىللىقنىڭ تىلى يۈرىكىنىڭ ئارقىسىدا.

* يۈرەكنىڭ يامان نىيەتلىرى بار، لېكىن ئەقىل ئۇنى توسۇپ قالىدۇ.

* ساغلام يۈرەكتىن ساغلام ئەقىل چىقىدۇ.

* قەلبمۇ جىسمغا ئوخشاش چارچايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىل ھېكمەت بىلەن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىڭلار.

* قەلبنىڭ ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان، ئىنتىلىدىغان ۋە سەسكىنىدىغان نەرسىلىرى بار، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭغا ياقتۇرىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان نەرسىلەرنى بېرىڭلار، چۈنكى قەلب مەجبۇرلانسا كور بولۇپ قالىدۇ.

* يۈرەك ھېكمەتنىڭ مەنبەسىدۇر، تىل بولسا ئۇنىڭ قالقىنىدۇر.

* يۈرەكنىڭ ئەڭ ناچىرى، ئاداۋەتچىنىڭ يۈرىكىدۇر.

* يۈرەك تىلنىڭ خەزىنىچىسىدۇر.

* يۈرەك قۇلۇپقا ئوخشايدۇ، سوئال ئۇ قۇلۇپلارنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

* ياش يىگىتنىڭ يۈرىكى بوش يەرگە ئوخشايدۇ، نېمە تېرىساڭ شۇنى قوبۇل قىلىدۇ.

* كىشىلەرنىڭ يۈرىكى ياۋايىدۇر، كىمكى ئۇنى كۆندۈرەلىسە، ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ.

## قانائەت ھەققىدە

* قانائەت قىلغۇچى تاماخورلۇق ئاپەتلىرىدىن قۇتۇلىدۇ.

* قانائەت قۇلنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ، تاماخورلۇق ھۆرنى قۇل قىلىپ قويىدۇ.

* ئەگەر سىلەر قانائەت قىلساڭلار بايلىق سىلەرنىڭ بولىدۇ، دۇنيا چىقىملىرى سىلەرگە يېنىك بىلىنىدۇ.

* كەسپىنى ياخشى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىنى تەلەپ قىلماسلىق قانائەتنىڭ مېۋىسىدۇر.

* قولۇڭدىكىنى ساقلاپ قېلىشىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىكىنى تەلەپ قىلىشىڭدىن ياخشىراقتۇر.

* ھېرىسمەنلىك يوقالمىغۇچە، قانائەت مەۋجۇت بولالمايدۇ.

* ئاز نەرسە بىلەن بولىدى قىلغان كىشىنىڭ كۆپ نەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ.

* ئازغا قانائەت قىلىپ، كۆپنى ئاتا قىلىش ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

* نەپسنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئەڭ كاتتا يول قانائەتتۇر.

* قانائىتى كۆپ بولغان كىشىنىڭ خارلىقى ئاز بولىدۇ.
* قانائەت رازىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.
* قانـــائەتتىكى ئىـــززەت بـــاش ئېگىشـــتىكى خـــارلىقتىن ياخشىراقتۇر.

## گەپ - سۆز ھەققىدە

* گەپ - سۆز، ئىككى ئىللەت ئارىسىدا بولۇشى كېرەك: كـۆپ سۆزلەش ۋە گەپ قىلماسلىق، كۆپ گەپ قىلىش ئەخمەقلىقتۇر، گەپ قىلماسلىق بولسا ئاجىزلىقتۇر.
* جىق گەپ قىلىش ھېكمەتلىك كىشىنىڭ ئېزىشى، سـەۋرچان كىشىنىڭ زېرىكىشىگە سەۋەب بولىدۇ، شـۇنداق ئىـكەن، جىـق گەپ قىلىپ باشـقىلارنى زېرىكتـۈرۈپ قويمـاڭلار، ئـاز گەپ قىلــىپ نـادان ئىكەنلىكىڭلارنى ئاشكارىلاپ قويماڭلار.
* سۆز دورىغا ئوخشايدۇ، ئاز بولغىنى پايـدىلىق، كـۆپ بـولغىنى زەھەردۇر.
* ئاز گەپ قىل، مالامەتتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.
* مەنىسىز سۆزدىن يىراق تۇر، چۈنكى ئـۇ يـۈرەكتە ئۆچمەنلىــك پەيدا قىلىدۇ.
* كۆپ گەپ قىلما، چۈنكى كۆپ گەپ خاتالىقنىــڭ كۆپييىشــىگە ۋە مالامەتكە سەۋەبچى بولىدۇ.
* كــۆپ گەپ قىلمــا، چــۈنكى كــۆپ گەپ قىلىـــش ســېنىڭ ئەيىبلىرىڭنى ئاشكارىلاپ، جىم تۇرغـان دۈشـمىنىڭنىڭ ھەرىكەتـكە ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.
* ئەڭ ياخشى سۆز ئەمەلىيەتتە تەستىقلانغان سۆزدۇر.

* ھاجەت بولمىغان يەردە كۆپ سۆزلەش ئاجىزلىقتۇر.
* ئەڭ ياخشى بالاغەت توغرىنى سۆزلەش، ئىخچام سۆزلەش.
* نامەردلەرنىڭ يولى سەت گەپ قىلىشتۇر.
* بەزىدە بىر ھەرپ ئۆلۈمنى باشلاپ كېلىدۇ.
* بەزىدە سۈكۈت قىلىش، گەپتىن ياخشىراقتۇر.
* بەزى سۆز ئوقيادىنمۇ تېز بولىدۇ.
* ئاز گەپ قىلىش ئەيىبنى يوشۇرۇپ، گۇناھنى ئازايتىدۇ.
* ئاز گەپ قىلىش ئەيىبنى يوشۇرىدۇ، خاتالىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.
* بەزى سۆزلەر نېمەتتىن مەھرۇم قويىدۇ.
* دېيىش كېرەك بولمىغان گەپنى قىلغان كىشى ئاڭلاشنى خالىمىغان سۆزنى ئاڭلايدۇ.
* ھايا بىلەن گەپ قىلغان كىشى قىلغان ئىشىدا خاتالىقتىن يىراق بولىدۇ.
*گېپى كۆپ بولغان كىشىنىڭ خاتاسى كۆپ بولىدۇ، چاقچىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئەخمەقلىقى كۆپ بولىدۇ.
* گەپنىڭ مەنبەئى قەلب، كانى پىكىر، قۇۋۋىتى ئەقىل، ئۇنى ئىزھارلىغۇچى تىل، جىسمى ھەرپلەر، جېنى مەنا، زىنىنتى پاساھەت، پرىنسىپى بولسا توغرىلىقتۇر.
* كىمنىڭ دېگىنىگە ئەمەس، نېمە دېگىنىگە دىققەت قىلىڭلار.
* گەپ قىلغاندا كېچە ئۇتۇن توپلىغاندەك ۋە ياكى سەلگە ئوخشاشلا ئاڭلىغاننىڭ ھەممىنى دەپ يۈرمە.
* گېپىدە يامانلىقتىن ساقلانمىغان كىشى قىلغان ئىشىدە قەتئىي ساقلىنالمايدۇ.

* گەپ قىلىڭلار، تونۇلىسىلەر، چۈنكى ئىنسان تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇلغان.

* چىرايلىق گەپ ئەقلىنىڭ كۆپلۈكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* گەپ ئاز بولسا، توغرا كۆپ بولىدۇ.

* گەپنى، خىيالنى ئاز قىل، سېنى گۇناھكار قىلىدىغان، ياكى ياخشى كىشىنى سەندىن سەسكىندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلما.

* ياخشى گەپ قىلىڭلار، ياخشى ئىش قىلىڭلار، چۈنكى ياخشى گەپ كىشىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئىسپاتى، ياخشى ئىش بولسا كىشىنىڭ ئەقلىنىڭ دەلىلىدۇر.

* كىشىنىڭ گېپى ئەقلىنىڭ تارازىسىدۇر.

* ئەقىل ئاز بولغاندا، سۆز كۆپ بولىدۇ.

* سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ نىيىتىگە توغرا كەلسە، ئاڭلىغۇچى قوبۇل قىلىدۇ، نىيىتى ناچار بولسا، ئاڭلىغۇچىنىڭ يۈرىكىگە بارمايدۇ.

* سۆزى مۇلايىم بولغاندا كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

# 20- باب

## تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

* زەھەر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك، تەكەببۇرلۇقمۇ قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ.

* پەخىرلىنىشنىڭ ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن يىراق تۇرۇڭلار.

* ئۆزىنى چوڭ بىلگەن كىشى ئەمەلىيەتتە ئەڭ خار كىشىدۇر.

* ئەقلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاپىتى تەكەببۇرلۇقتۇر.

* تەكەببۇرلۇققا كەمتەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇڭلار.

* ﷲ تائالا تەكەببۇرلۇق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەرلەرگە رۇخسەت قىلغان بولاتتى، لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ تەكەببۇرلۇق قىلىشىنى يامان كۆردى ۋە ئۇلارغا كەمتەرلىكنى راۋا كۆردى.

* ئۆزىنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەكەببۇرلۇق قىلىش تەكەببۇرلۇقنىڭ ئەڭ قەبىھىدۇر.

* يامان كۆرۈلىشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى تەكەببۇرلۇقدۇر.

* تەكەببۇر كىشىگە ھەيران قالدىم، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈنلا بىر تامچا سۇ ئىدى، ئەتە بولسا چىرىپ كەتكەن سۆڭەككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

* تەكەببۇر كىشىنىڭ دوستى بولمايدۇ.

* تەكەببۇرلۇق ۋە ئىسراپخورلۇق لىباسىنى كىيگەن كىشى پەزىلەت ۋە شەرەپ لىباسىنى سېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## يېزىقچىلىق ھەققىدە

* كىتاب يازغىنىڭدا ئۇنى تاماملاشتىن بۇرۇن قايتا قاراپ چىق، چۈنكى ئۇ كىتاب سېنىڭ ئەقلىڭگە تامغا باسىدۇ.

* كىشىنىڭ يازغىنى ئەقلىنىڭ بەلگىسى ۋە پەزىلىتىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

* كىشىنىڭ كىتابى پەزىلىتىنىڭ بەلگىسىدۇر ۋە ئېسىللىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

* كىتاب ئالىملارنىڭ باغچىسىدۇر.

## يالغانچىلىق ھەققىدە

* يالغانچىلىق يالغانچىنى ۋەيران قىلىدۇ، يالغانچىلىقتىن يىراق تۇرغان كىشى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

* يالغانچىلىق دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخنىڭ ئوتىدۇر.

* يالغانچىلىق اللهنىڭ قانۇنىدىن چەتنەش دېمەكتۇر.

* يالغانچىلىق ئەڭ ناچار ئىللەتتۇر، ساقلىنىشقا تېگىشلىك خاتالىقنى ئۆتكۈزۈش ئەڭ يامان خاتالىقتۇر.

* يۈزنىڭ تۆكۈلۈشى يالغانچىلىق بىلەن بولىدۇ.

* قاتتىق ئاپەت كەلگەندە ئىنسان ئۆزىنىمۇ ئالدايدىغان ۋاقىت بولىدۇ، ئۆزى قىلمىغان ئىشنى قىلدىم دېگەندەك، يالغانغىمۇ يول قويۇپ قالىدۇ.

* ئىلىمنىڭ ئاپىتى يالغانچىلىقتۇر، راستلىقنىڭ ئاپىتى ئويۇنچىلىقتۇر.

* يالغانچىنىڭ گېپىنىڭ ئىسپاتى تولۇق، گېپى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

* يالغانچىغا ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىشى يېتەرلىك جازادۇر.

* يالغانچىنىڭ ئامانىتى بولمايدۇ، بۇزۇق كىشىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولمايدۇ.

* يالغىنى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئابرۇيى تۆۋەن بولىدۇ.

* ئورۇنسىز قەسەم قىلىش يالغانچىنىڭ خارلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

## مەردلىك ھەققىدە

* مەردلىك ياخشى خىسلەتكە ئىگە بولۇپ، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇش دېمەكتۇر.

* مەردلىك دېمەك، سېخىلىق ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش دېمەكتۇر.

* ياخشى ئاتاقنى ئېرىشىشنىڭ تەمىنى مال - دۇنيادىن ئارتۇق بىلىش مەردلىك دېمەكتۇر.

* مەردلىك تىلنى باشقۇرۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر.

* مەردلىك ياخشىلىق قىلىش ۋە ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى راۋا كۆرۈش دېمەكتۇر.

* تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش مەردلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

* نېمەتنى تاماملاش مەردلىكتىندۇر.

* مەردلىكنىڭ تۈزۈمى ياخشىلىق قىلىش ۋە قېرىنداشلارغا ھەمكارلىشىش.

* كىشىنىڭ مەردلىكى ئۇنىڭ خوشخۇيلۇقى ۋە ياخشىلىق قىلىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

* مەرد كىشى سىلكىشلەنسە قىتتىۋالىدۇ، رەھىم - شەپقەت تەلەپ قىلىنسا يۇمشايدۇ.

* مەرد كىشى كۈچى يەتكەندە ئەپۇ قىلىدۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا كەڭچىللىك قىلىدۇ، سورالغان نەرسىنى نەق بېرىدۇ.

* مەرد كىشى نومۇسسىزلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە قوشنىنى ياخشى كۆتىدۇ.

* مەرد كىشگە خىيانەت قىلىشتىن، سەۋرچان كىشگە ئازار بېرىشتىن، باتۇرنى رەنجىتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

* ناچارنىڭ قورسقى تويغان ۋاقتىدىكى يامانلىقىدىن، مەردنىڭ ئاچ قالغان ۋاقتىدىكى ھەيۋىتىدىن ھەزەر ئەيلاڭلار.

* مەرد كىشىنىڭ خارلانغان ۋاقتىدىكى ھەيۋىتىدىن، نامەردنىڭ شەرەپكە ئېرىشكەندىكى مەغرۇرلۇقىدىن قورقۇڭلار.

* مەرد كىشى ئازغا شۈكۈر قىلىشنى بىلىدۇ، نامەرد بولسا كۆپ نەرسىدىنمۇ تېنىۋالىدۇ.

* مەرد كىشى ۋەدىسگە ۋاپا قىلىدۇ، لېكىن تەھدىد سالغاندا ئەپۇ قىلىدۇ.

* مەرد كىشى باي بولغاندا ياردەم قىلىدۇ، كەمبەغەل بولغاندا ئىسراپتىن يىراق تۇرىدۇ.

* مەرد كىشى ئېسىل ئەخلاقلىق، كۆپلەپ ئېھسان قىلغۇچى، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكۈچىدۇر.

* باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشتە، مەرد كىشىنىڭ ئەقىل - پاراستى تونۇلىدۇ.

* ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراش مەرد كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدىن ئەمەس.

* مەرد كىشىنىڭ خارلىققا بويسۇنۇشى نامەرد كىشىنىڭ ياخشىلىق قىلىشى قىيىن ئىشتۇر.

* مەردلەرنىڭ لەززىتى ياخشىلىق قىلىشتا، نامەردلەرنىڭ لەززىتى قورساق بېقىشتا.

* مەردنىڭ خۇشاللىقى ياخشىلىق قىلىش، نامەردلەرنىڭ خۇشالىقى جازالاش.

## ياخشىلىق ھەققىدە

* ياخشىلىق قىلىشنى ئۇمىد قىلساڭ، هارامدىن يىراق تۇر.

* ياخشىلىقلارغا بېرىلىڭلار، بىچارىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىڭلار.

* ياخشى ئەخلاقىقا بېرىلىڭلار، ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭلار، چۈنكى بۇ ئىككى خىسلەت يامان ئاقىۋەتتىن ساقلاپ، ئېسىللىككە باشلايدۇ.

* ياخشىلىقلار ئېيپەت ۋە ئۆز نەپسىدىن كېچىش بىلەنلا كامالەت تاپىدۇ.

## دەرد ھەققىدە

* ئۆزىنىڭ دەردىنى باشقىلارغا ئېيتقان كىشى خارلىققا رازى بولغان كىشىدۇر.

* باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش اللە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشتۇر.

## غەزەپ ھەققىدە

* ئاچچىقىڭنى يۇتالىساڭ، مۇلايىملىقىڭ زىيادە بولىدۇ.
* غەزەپنى بېسىۋېلىش سەۋرچانلىقنىڭ مېۋىسىدۇر.
* ئاچچىقنى يۇتۇپ ئۆزىنى ھالاك قىلمىغان، نەپسى خاھىشىغا بوي بەرمىگەن كىشى نېمىدېگەن بەختلىك كىشى.
* ئاچچىقنى بېسىۋالغان كىشىنىڭ سەۋر - تاقىتى كامالەت تاپىدۇ.

## نېمەتتىن تېنىۋېلىش ھەققىدە

* نېمەتنى تېنىۋېلىش نېمەتنىڭ قولدىن كېتىشىگە، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.
* نېمەتتىن تېنىۋېلىش قەدەمنى خاتا بېسىش ۋە نېمەتنى قولدىن بېرىشكە سەۋەبچى بولىدۇ.
* نېمەتتىن تېنىۋېلىش نامەردلىك، نادان بىلەن دوست بولۇش شۇملۇقتۇر.

## ئاددى - ساددىلىق ھەققىدە

* ئاددى -ساددا ھاياتقا رازى بولۇش ئىسراپخورلۇقتىن ياخشىراقتۇر.
* ئاددى - ساددا ھاياتقا قانائەت قىلىش رىزىققا يول ئاچىدۇ.
* ئاددى - ساددا ھاياتقا رازى بولغان كىشى راھەتكە ئالدىرىغان، ئەيش - ئىشرەتتىن ۋاز كەچكەن كىشىدۇر.
* ئاددى - ساددىلىقتىنمۇ ياخشى بايلىق يوق، ھەر كىشى قىيامەتكە يەتكۈدەك ئۆزۈق بىلەنلا بولدى قىلسا بولىدۇ.

## مۆكاپات ھەققىدە

* ساڭا ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشى مۆكاپات بەرگىن، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ، ھېچ بولمىسا رەھمەت ئېيتىشنى بىلگىن.

* يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش ئىمانىنىڭ كامالەت تېپىشىدۇر.

* ياخشىلىق قىلىشقا ياخشىلىق قىلالمىساڭلارمۇ رەھمەت ئېيتىڭلار.

## ھوشيار كىشى ھەققىدە

* ھوشيارنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ئەخلاقى ۋە دىيانىتى ئېسىل نەسىبىدۇر.

* بۈگۈنى تۈنۈگۈنىدىن ياخشى بولغان، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلگەن كىشى ھوشيار كىشىدۇر.

* شەھۋىتىنى كېسىپ تۇرغان، خاھىشىغا قارشى ئىش قىلغان كىشى ھوشيار كىشى ھېسابلىنىدۇ.

* خاتاسىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھىغا ئىستىغپار ئېيتقان كىشى ھوشيار كىشىدۇر.

* ئەقىللىق كىشىنىڭ قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشى ھوشيارلىقىدىندۇر.

* ئەيىبىنى بىلگەن كىشى ھوشيار كىشىدۇر.

* ئەقىلنى يېغىپ، ھاۋايى ھەۋەسكە قارشى تۇرۇش ھوشيارلىقتا ئىنسانغا يېتەرلىكتۇر.

# 21- باب

## نامەردلىك ھەققىدە

* مەدھىيىلىنىش ۋە ئالقىشلىنىشنىڭ ئورنىغا مال - دۇنياغا بېرىلىش نامەردلىكتۇر.

* خاتا نەرسىنى ماختاش ئەڭ چوڭ نامەردلىكتۇر.

* ياخشى كىشىلەردىن مال - دۇنيانى ئارتۇق بىلىش نامەردلىكتۇر.

* نامەرد قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرىسا يۇمشايدۇ، ئىللىق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا قېتىۋالىدۇ.

* نامەرد ئۆز خىلىدىن باشقىسىغا ئەگەشمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ياقتۇرمايدۇ.

* نامەرد ناچار كىشىلەرگە يانتاياق بولىدۇ، ئېسىل كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ.

* نامەرد باشقىلارغا قىلغان خەير - ئېھسانلىرىنى شۇ كىشىگە ئۆتكۈزۈپ قويغان قەرزىم، دەپ بىلىدۇ.

* نامەرد كىشى ساڭا ئېھتىياجى بولغاندا، ساڭا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، سەن ئۇلارغا موھتاج بولساڭ ساڭا مىننەت قىلىدۇ.

* نامەرد كىشى باشقىلارنىڭ ئەيىبى بىلەن ھېسابلىشىشقا كەلگەندە ئالىي ھىممەتلىك بولىۋالىدۇ.

* نامەردكە تايانما، چۈنكى نامەرد ئۆزىگە تايانغان كىشىنى ئۈمىدسىز قويىدۇ.

* ئەڭ قىيىن ئىش نامەردنىڭ قولىدىكىنى تەلەپ قىلىشتۇر.

* نامەرد كىشى بىر نەرسە بەرگەندە بەرگەن كىشىنى ئۆچ كۆرىدۇ، ياخشىلىق كۆرسە تىنىۋالىدۇ.

* نامەردكە مېھمان بولساڭ، روزىدارلىقىڭنى باھانە قىل.

* نامەرد ئۆز مەرتىۋىسىدىن يۇقىرىراق يەرگە ئورۇنلاشسا، ئەھۋالى ئۆزگىرەپ كېتىدۇ.

* نامەرد ساڭا ھۆرمەت قىلسا، سەن ئۇنى خارلا!

* نامەردنىڭ دۆلەت سورىشى مەردلەرگە خارلىقتۇر.

* نامەردنىڭ دۆلەت سورىشى پەلەكنىڭ ئاپىتىدۇر.

* نامەرد ۋە چاكىنا ئىنسانلارنىڭ ئادىتى ياخشى ۋە ئېسىل كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتۇر.

* نامەردنىڭ ئۆلۈشى ئىنسانلارنىڭ راھىتىدۇر.

* نامەردنىڭ نامەردلىكى يامان ئىش قىلىش ۋە بېخىللىق بىلەن بىلىنىدۇ.

## تىركىشىش ھەققىدە

* تىركىشىش ئىگىسىنى ۋەيران قىلىدۇ.

* تىركىشىش ئۇرۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ، يۈرەكلەرگە ئاداۋەت ئوتى چاچىدۇ.

* تىركىشىشتىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئۇرۇشلارغا سەۋەبچى بولىدۇ.

* ئىنسان تىركىشىش ئارقىلىق خالىمىغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.

## ھاجىتىنى سوراش ھەققىدە

* كۆپ قېتىم تەكرارلاپ سوراش رەت قىلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

* كۆپ قېتىم تەكرارلاپ سوراش مەھرۇملۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

* بىر نەرسە سوراشتا تەكرارلىغان ئادەم سورالغۇچىنىڭ قېتىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

* تەكرار بىر نەرسە سورىغان كىشى ئۆزىنى مەھرۇملۇققا دۇچار قىلىدۇ.

## ئۇرۇش تەييارلىقى ھەققىدە

* ئۇرۇش ھەققىدە خەۋەرى بولغان كىشى تەييارلىقسىز قالمايدۇ.

* كۆڭۈلنىڭ قاتتىقچىلىقى ئىمكانسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان كىشىنى، ياخشى كىشىلەرنىڭ ياردىمى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزىدۇ.

* كۆڭۈلەر ھاياتىڭلارنىڭ بەتلىرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ياخشى ئەمەل بىلەن ئۇ بەتلەرنى مەڭگۈلۈك ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىڭلار.

* ھەرىكەتلەرنىڭ ۋە جىمجىتلىقلارنىڭ ئارقىمۇئارقا كېلىشى بۇرۇنقى ئەسىرلەرگە خاتىمە بەردى.

* خەلقنى ئادالەتتىن باشقا نەرسە تۈزىتەلمەيدۇ.

* خەلقنىڭ ئاپىتى بۇيرۇققا بويسۇنماسلىقتۇر.

* زامان بەزى كاتتا بايلارنى يوقسۇل ۋە بىچارىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

* زامان سەن بىلەن داۋاملىق تۇتۇشۇاتسا، سەن قانداقمۇ بىر ھالەتتە تۇرالايسەن؟

* زامانغا كايىغان كىشىنىڭ مالامىتى كۆپ بولىدۇ.

* ئىنسانلار خۇشال بولغان چاغدا، پەلەكنىڭ دەھشىتى بىلەن ۋەيران بولۇشىدىن قۇتۇلۇپ قالمايدۇ.

* پەلەكتىن ئۈمىد ئۈزمە، لېكىن پەلەككە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمە، ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىل.

* زامان بۇرۇنقىلارنى ئېلىپ كەتكەندەك ياشاۋاتقانلارنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن قايتىپ كەلمەيدۇ، ھېچبىر ھالەت مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، زاماننىڭ ئاخىرىمۇ ئەۋۋىلىگە ئوخشايدۇ، ئىشلىرى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋېرىدۇ، بەلگىلىرى ئېنىق، زامانغا ئالدانغان كىشى بالايىئاپەت، دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلالمايدۇ.

* زامان ئوقياسىنى بەللەپ تۇرىدۇ، ئوقلىرى خاتا كەتمەيدۇ، جاراھەتلىرى ساقايمايدۇ، ساغلام كىشىنى كېسەللىك بىلەن، نىجاتلىقتا ئېرىشكەن كىشىنى ھالاكەت بىلەن سىنايدۇ.

* بىردەملىك خارلىق، بىر ئۆمۈر ئىززەتكە باراۋەر بولالمايدۇ.

* ساڭا بويسۇنۇشى مۇمكىن بولغان تەقدىردە زامانىنى قولايلاشتۇر، ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە بىر نەرسىنى كۈتمە.

* مەقسىتىگە يەتكەن كىشى زامانغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك.

* زامان جىسىملارنى ۋەيران قىلىدۇ، ئارزۇلارنى يېڭىلايدۇ، ئۆلۈمنى يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئارماننى يىراقلاشتۇرىدۇ.

* زامان ئىككى كۈن: ساڭا پايدىلىق كۈن ۋە ساڭا زىيانلىق كۈن، پايدىلىق كۈندە چوڭچىلىق قىلما، يامان كۈندە سەۋر قىل.

* زامان كۈچلۈك بىر دۈشمەن، ئادىل بىر ھۆكۈمران ۋە ئۇرۇش قىلىغىلى بولمايدىغان جەڭچىدۇر.

* زامان بىلەن قارشىلاشقان كىشى يېڭىلىدۇ، زامانغا تەسلىم بولغان كىشىمۇ سالامەت قالمايدۇ.

* بىھۇدە ۋاقىتتىن ئاپەت تۇغۇلىدۇ.

* زامانغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

* زاماننىڭ قالايمىقانلىقلىرىغا ئىشىنىپ كەتمە، زاماننىڭ دەھشەتلىرىدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ.

* تائەت خەلقنىڭ قالقىنى، ئادالەت بولسا دۆلەتنىڭ قالقىنىدۇر.

* زامان دوستىغا خىيانەت قىلىدۇ، كايىغان كىشىنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

* زامان بۇزۇلغاندا نامەردلەر خوجا بولىدۇ.

* زامانغا ئىشەنمە، ساڭا خىيانەت قىلىدۇ ۋە زاماننى چوڭ بىلگەن كىشىنى زامان خارلايدۇ.

### لەززەت ھەققىدە

* لەززەتكە بېرىلىش ئاپەتنىڭ بېشىدۇر.

* ئاددى بىر لەززەت يۇقىرى مەرتىۋىدىن قۇرۇق قويىدۇ.

* دۇنيادا لەززەتكە بېرىلگەن كىشى قىيامەتتە ھەسرەتتە قالىدۇ.

* لەززەتنىڭ تەمى ئاپەتنىڭ دەردى بىلەنلا بىلىنىدۇ.

* نادامەتكە سەۋەب بولىدىغان لەززەتتە ياخشىلىق يوق، شۇنىڭدەك ئەلەمگە سەۋەب بولىدىغان ھەۋەستىمۇ ياخشىلىق يوق.

* ھەرقانداق لەززەتنىڭ چېكىنى، ھەرقانداق نېمەتنىڭ ئاخىرىنى، ھەر ئاپەتتىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلا، چۈنكى ئۇ

نېمەتنىڭ داۋاملىشىشىغا، شەھۋەتنىڭ يوقۇلۇشىغا، كىبىرنىڭ يىراقلىشىشىغا، نىجاتلىقنىڭ يېقىنلىشىشىغا، غەم - ئەندىشىنىڭ كۆتۈرىلىشىگە ۋە ئارمانغا يېتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

## تىل ھەققىدە

* تىل بىر ئۆلچەمدۇر، ئۇ ئەقىلنى كۈچلەندۈرىدۇ، نادانلىق قايمۇقتۇرىدۇ.

* ئالتۇن - كۈمۈشنى ساقلىغىنىڭدەكلا، تىلىڭنىمۇ ساقلا.

* مەھبۇسلۇقنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن، ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشتىن ئىلگىرى تىلىڭنى يىغىۋال. مەھبۇسلۇقا مەھكۇم بولۇشقا، ھەقتىن چەتنىگەن، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىغان تىلدىن، لايىقراق باشقا نەرسە يوقتۇر.

* تىلىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ خاتا كېتىدىغان ئوقتۇر.

* تىل ئىنسانىنىڭ بىر پارچىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل گەپ قىلىشنى خالىمىسا گەپكە كەلتۈرگىلى، بەك ئەزۋەيلەپ كەتسە توختىتىۋالغىلى بولمايدۇ.

* بىر ئىنسانغا الله ئاتا قىلغان راستچىل تىل بىلىمسىز ئادەمگە مىراس قىلىپ قالدىغان مالدىن ياخشى.

* تىل ئەقىلنىڭ تەرجىمانىدۇر.

* كىشى، تىلىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

* تىل يىرتقۇچ ھايۋاندۇر، ئۇنى بوش قويىۋەتسەڭ ئۇ سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

* قىلىچنىڭ بىسى بەدەننىڭ ئەزالىرىنى كېسىدۇ، تىلنىڭ بىسى ئۆمۈرنى كېسىدۇ.

* تىلنىڭ بىسى تىغنىڭ بىسىدىنمۇ ئۆتكۈر.

* تىلنى باشقۇرۇش شاھلىقتا تەڭ، تىلنى قويۇۋېتىش بولسا ھالاكەتكە.

* تىلىڭنى ياخشى گەپلەرگە ئادەتلەندۈرسەڭ، مالامەتتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.

* بەزىدە تىل يامانلىق ۋە ياخشىلىقنى تارقىتىشتا ئادالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزمەيدۇ.

* تىلىڭنى باشقۇرساڭ سېنى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ، قويۇپ بەرسەڭ ھالاك قىلىدۇ.

* تىلىڭنى كۆندۈرەلىسەڭ دۇئا قىلار، نەپسىڭگە بەرسەڭ ھۆكۈمرانلىق قىلار.

* تىلى تاتلىق كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

* تىلنى باشقۇرغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىسىللىكىنى تېپىۋالغان بولىدۇ.

* تىلنى باشقۇرغان كىشى نادامەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

* تىلنى تۈزەتكەن كىشى ئەقلىنى زىننەتلىگەن بولىدۇ.

* ئىنسان تىلى بولمىسا، ھەيكەلگە ياكى ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

* ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە تىلدۇر، ئىنساننىڭ نەپسىنى ئالداپ كېتىدىغىنى شەيتاندۇر.

## تەنقىد ھەققىدە

* تەنقىد قىلىشتا ئاشۇرىۋېتىش تالاش - تارتىش ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ.
* تەنقىد قىلىشتا ئاشۇرىۋېتىش يۈرەكنى زەردە قىلىدۇ ۋە دوستلاردىن يىراقلىششقا سەۋەب بولىدۇ.
* تەنقىد قىلىشى كۆپ بولغان كىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى كۆپ بولىدۇ.

## ئويۇن ھەققىدە

* ئويۇن كەسكىنلىكنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ.
* ئويۇندىن يىراق تۇر، چۈنكى سەن ئويناش ئۈچۈن يارىتىلمىدىڭ ۋە جاۋابكارلىقسىز تاشلىۋېتىلمەيسەن.
* ئويۇننىڭ باشلىنىشى چاقچاق، ئاخىرى بولسا ئۇرۇشتۇر.
* ئويۇن - چاقچاقتا بېرىلگەن كىشى غەلبىدىن يىراق.
* ئويۇنى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئەقلى ئاز بولىدۇ.
* ئويۇن - تاماششاغا بېرىلگەن كىشى ئۇتۇق قازىنالمايدۇ.

## كۈنلەر ھەققىدە

* كۈنلەر ئىلگىركىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ھازىرقىلارنىڭ ھايات مۇساپىسىنى قىسقارتىدۇ.
* كۈنلەرنىڭ ئىشى سېنى ۋەيران قىلىشتۇر، ئۇنداق ئىكەن، سەن داۋاملىق ياخشىلىق قىل، كېچە بىلەن كۈندۈز سەندىن بىر نەرسىلەرگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ، ئۇنداق ئىكەن، سەنمۇ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرگە ئېرىششكە تىرىش.

* كېچە بىلەن كۈندۈز ئاپەت ۋە جۇدالىقنىڭ كانىدۇر.
* كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى ئارماندۇر، لەززەتلىرى بولسا ئەلەمدۇر ۋە كۈنلەرنىڭ بەرگىنى بولسا كېسەل ۋە پانىيلىقتۇر.
* كېچە بىلەن كۈندۈزگە تايانغان كىشى جىم تۇرسىمۇ ئۇچىدۇ.

## مۇلايىملىق ۋە مۇلايىم كىشى

* ، مۇلايىم بول، ئاجىز بولما، كەسكىن بول، زوراۋان بولما.
* مۇلايىم كىشىنى ياخشى كۆرۈش كېرەك.
* مۇلايىم كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

# 22- باب

## شەرەپ ھەققىدە

* ھەقىقىي شەرەپ قەرزدارغا ياردەم قىلىش ۋە گۇناھنى كەچۈرۈشتۇر.
* ماختاشقا ئېرىشمىگەن كىشى شەرەپكە ئېرىشەلمەيدۇ.
* كەسكىنلىكتىن مەھرۇم بولغان كىشى شەرەپتىن مەھرۇم قالىدۇ.

## ئاپەت ھەققىدە

* ئاپەتنىڭ چېكى بولىدۇ، ئۇ چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ، شۇنداق ئىكەن ئۇ ئاخىرلاشقۇچە سەۋر قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن تەدبىر قوللىنىش ئۇنى ئاۋۇتۇپ قويىدۇ.
* ئاپەت دۇنياپەرەستلىكتىن ئايرىلالمايدۇ.

## ماختاش ھەققىدە

* مەدھىيۋازلاردىن پەخەس بولۇڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ يامان غەرىزى بار.
* كىشىدە يوق نەرسە بىلەن ماختىما، چۈنكى ئۇنىڭ قىلمىشى سېنى يالغانچى قىلىپ قويىدۇ.
* كىشىنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ئەڭ ناچار خىسلەتتۇر.
* يامان كىشىلەرنى ماختاش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.
* كۆپ ماختاش تەكەببۇرلۇققا ۋە ئالدىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

* سېنى ماختىغان كىشى ئەمەلىيەتتە سېنى ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر.

* ئۆزىدە يوق خىسلەت بىلەن ماختانغان كىشى كۈلكە - مەسخىرىگە دۇچار بولىدۇ.

* سەندە يوق خىسلەت بىلەن سېنى ماختىغا كىشى ئەمەلىيەتتە سېنى ئەيىبلىگەن بولىدۇ.

* نامەردلەرنى ماختاش ئەڭ ناچار خىسلەتتۇر.

## ئەرلىك ھەققىدە

* ئادەم ئىككى نەرسىسى بىلەنلا ئادەم: يۈرىكى ۋە تىلى، شۇڭا جەڭ قىلغاندا يۈرەك بىلەن جەڭ قىلىش، سۆزلىگەندە پاساھەتلىك سۆزلەش كېرەك.

* ئادەم ئۈچ ئەھۋالدا ئۆزگىرىدۇ: شاھلار بىلەن يېقىنلىشىش، ئەمەلدار بولۇش ۋە يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، كىمكى بۇ ئۈچ ئەھۋالدىمۇ ئۆزگەرمىسە، ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ.

* ئادەم ئەقلى بىلەن ئادەم بولىدۇ، شەكلى بىلەن ئەمەس.

* ئادەمنىڭ نەسەبى ئەقلىدۇر، ئادەمگەرچىلىكى بولسا ئەخلاقىدۇر.

* ئادەمنىڭ نەسەبى ئىلمىدە، گۈزەللىكى ئەقلىدە.

* ناچار ئادەم ھېچقانداق كىشىگە ياخشى گۇمان قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش دەپ ئويلايدۇ.

* ئـــادەم گېپـــى بــــلەن تارتىلــــدۇ، قىلغـــان ئىشـــى بــــلەن تەقدىرلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەزنى ئېغىر گەپلەرنى قىــل ۋە قەدىــر - قىممىتى يۇقىرى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بول.

## ئادەمگەرچىلىك ھەققىدە

* كىشىنىڭ ئۆزىگە ياراشقاننى قىلىپ، ياراشـمىغاننى تاشلىشـى ئادەمگەرچىلىكتۇر.

* ھۆكۈمـــدە ئادىـــل بولــۇش، كــۈچ يەتكەنــدە كەچــۈرۈش، قىيىنچىلىقتا ھەمدەم بولۇش ئادەمگەرچىلىكتۇر.

* ئادەمگەرچىلىك پۈتۈن ئېسىللىك ۋە پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر.

* ئادەمگەرچىلىكنىڭ كانى ھايا، مېۋىسى شەرەپتۇر.

* ئادەمگەرچىلىكنىڭ باشلىنىشى تەبەسسۇم بىــلەن، ئــاخىرى ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن.

* ئادەمگەرچىلىك ئۈچ خىسلـەتكە جەملەنـگەن سورالمىســمۇ ياخشىلىق قىلىش ۋەدە قىلمىسىمۇ ۋاپادار بولـۇش، يوقسـۇل بولسـمۇ سېخىيلىق قىلىش.

* يوقسۇل بولسىمۇ سـېخىيلىق قىلــش، خارلانمىغـان ئاساسـتا سەۋرچان بولۇش، تىلەمچىلىكـتىن ئـۈزاق تۇرۇشـمۇ ئادەمگەرچىلىـك ھېسابلىنىدۇ.

* ئاشكارا قىلالمىغىنىڭنى مەخپىـي قىلىشـتىن قـول ئۈزۈشـۈڭ ئادەمگەرچىلىكتۇر.

* ئىككـــى خىســــلەت بىــــلەن ئــــادەم ئــــادەمگەرچىلىككە ئېرىشەلەيدۇ: ياراشقاننى قىلىش، ياراشمىغاندىن يىراق تۇرۇش.

* ئـادەمگەرچىلىكى يــوق كىشــى دوســتلىرىنىڭ دوســتلۇقىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك، دۈشـمەنلىرىنى ئـادىللىق بىـلەن بىـر تەرەپ قىلىشنىمۇ بىلەلمەيدۇ.

* ئۆزۈڭدىن ھايا قىلىشىڭ ئادەمگەرچىلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

* ئىســـــراپخورلۇق قىلماســــلىق ۋەدىــــگە ۋاپـــــا قىلىــــش ئادەمگەرچىلىكتىندۇر.

* ئەر كىشىنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكى ئادەمگەرچىلىكتۇر.

## تالاش - تارتىش ھەققىدە

* دىنىي مەسىلىلەردە توختىماستىن تـالاش - تـارتىش قىلىـش دىنغا بولغان ئىشەنچنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

* دۈشمەنلىشىشنىڭ سەۋەبى تالاش - تارتىش قىلىشتۇر.

* باتىلدا تالاش - تارتىش قىلغان كىشىنىڭ ھەقتىن كـۆزى كـور بولىدۇ.

## چاقچاق ھەققىدە

* چاقچاق دۈشمەنلىككە سەۋەب بولىدۇ.

* چاقچاقتىن يىراق بول، چۈنكى ئۇ ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقىدۇر.

* كـــۆپ چاقچـــاق قىلىـــش ئېســـىللىككە ياراشـــمايدۇ ۋە دۈشمەنچىلىككە سەۋەبچى بولىدۇ.

* ھەر نەرسىنىڭ ئۇرۇقى بار، ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقى چاقچاقتۇر.

* چاقچىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ھەيۋىسى ئاز بولىدۇ.

* چاقچىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ھۆرمىتى كەم بولىدۇ.

* كىشى ھەربىر قېتىم چاقچاق قىلغاندا، ئەقلىنىڭ بىر پارچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

* ئېسىل كىشى بىلەن چاقچاقلاشما، سېنى ئۆچ كۆرۈپ قالمىسۇن.

* دوستۇڭغا چاقچاق قىلما، سېنى ئۆچ كۆرۈپ قالمىسۇن، دۈشمىنىڭگە چاقچاق قىلما سېنى ۋەيران قىلمىسۇن.

## ھىيلە - مىكىر ھەققىدە

* ھىيلىگەرلىك نامەردلىك، ئالدامچىلىق بولسا شۇملۇقتۇر.

* ئالدامچىلىقتىن يىراق تۇرۇش ھېكمەتنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر.

* بەزى ھىيلىگەرلەر ئۆزىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن ۋەيران بولىدۇ.

* ھىيلىگەر ئۆزىنىڭ ھىيلىسى بىلەن ۋەيران بولىدۇ.

* يامان ھىيلە ئۆز ئىگىسىدىن باشقىسىنى ھالاك قىلمايدۇ.

## شاھلار ھەققىدە

* شاھقا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىل، دوستۇڭغا تەبەسسۇم ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىل، دۈشمەنگە بولسا ئۆزۈڭنى ئاقلىيالىغۇدەك شەكىلدە مۇئامىلە قىل.

* مەنئۇيەتنىڭ ناچار بولۇشى شاھلارنىڭ ئاپىتىدۇر.

* مەنئۇيەتنىڭ چىرىك بولۇشى ۋەزىرلەرنىڭ ئاپىتىدۇر.

* سىياسەتتىكى ئاجىزلىق داھىيلارنىڭ ئاپىتىدۇر.

* شاھ ساڭا يېقىنلاشقىنىبىرى سېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىڭ ئاشسۇن.

* يۇرتلارنى گۈللەندۈرۈش شاھلارنىڭ پەزىلىتىدۇر.

* خەلقنىڭ يۈرىكى شاھنىڭ خەزىنىسىدۇر، شاھ خەزىنىسىدە نېمە ساقلىغان بولسا، شۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدۇ، خەزىنىدە ئادالەت ساقلىغان بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى، زۇلۇم ساقلىغان بولسا زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

* شاھ بولغاندا چوڭچىلىق قىلغان كىشى تەختتىن چۈشكەندە خارلىققا قالىدۇ.

* زوراۋانلىقى ئۆزىنى داۋاملاشقان كىشىنىڭ شاھلىقى ۋەيران بولىدۇ.

* شاھ بولغاندا زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ھالاكىتى قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

* ۋەزىرىنىڭ خىيانىتىگە ئۇچرىغان شاھنىڭ تەدبىرلىرى ئىشقا يارىمايدۇ.

* قامچاڭدىن قورققان كىشى ئۆلۈمگىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

* ياخشىلىقىغا ئىشەنگەن كىشى شاھلىقىغا كۆيۈنىدۇ.

* شاھنى ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلغان كىشى ھالاكەتكە يولۇقىدۇ.

* شاھقا خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ.

* شاھ بولغاندا ئادىل بولغان كىشىنىڭ ياردەمچىگە ھاجىتى قالمايدۇ.

* شاھلىقىغا كۆيۈنگەن كىشى زوراۋانلىقتىن قول ئۈزىدۇ.

* ئاداۋەت قىلچىنى كۆتۈرگەن كىشى شاھلىق تەختىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

* شاھلىقىدا ئادىل بولغان ۋە كۆپلەپ خەير - ساخاۋەت قىلغان كىشىگە الله يۇقىرى مەرتىۋە بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنى الله ئەزىز قىلىدۇ.

* دىنىنى شاھلىقىغا خىزمەتچى قىلىۋالغان كىشىنىڭ شاھلىقىغا ھەر كىشى يامان كۆز بىلەن قارايدۇ.

* شاھلارنىڭ يېنىغا كۆپ كىرمە، ھەمراھ بولساڭ سېنى زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ، نەسىھەت قىلساڭ ساڭا زۇلۇم قىلىدۇ.

* شاھلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈمىد كۈتمە، سىرداش بولساڭ يات كۆرىدۇ، يېقىنلاشساڭ ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ.

* پادىشاھ زۇلۇم قىلغان يەردە گۈللىنىش بولمايدۇ.

* شاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا زامان بۇزۇلىدۇ.

* شاھلىقنى تەلەپ قىلىش شەيتانىغا ئالدانغانلىقتۇر.

* شاھنىڭ ئادىللىقى بىلەن خەلق ياشنايدۇ، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت ياشنايدۇ.

* شاھقا دوست بولغان كىشى شىرغا مىنىۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئورنىدىن خۇشال بولىدۇ، لېكىن ئورنىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

* شاھلارغا يېقىنلىشىش ئاپەتنىڭ ئاچقۇچى، پىتنە - پاساتنىڭ ئۇرۇقىدۇر.

* نىيىتى ۋە ئىشى توغرا بولغان، ئەسكەر ھەم خەلقكە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان شاھ ئەڭ ياخشى شاھتۇر.

* ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر: زالىم پادىشاھ، كۈچلۈك دۈشمەن ۋە مۇناپىق دوست.

* خەلققە زۇلۇم قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن، لېكىن خەلقنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگەن شاھ ئەڭ ئەقىللىق شاھتۇر.

* ئۆزىنى باشقۇرغان ئەڭ ياخشى شاھتۇر.

* ناچار شاھقا ۋەزىر بولغانلار ئەڭ ناچار ۋەزىرلەردۇر.

## تېرىككەكلىك ھەققىدە

* تېرىككەككە ئىشەنمە، گەرچە ئۇ ياخشىلىق لىباسى بىلەن ئورىنىۋالسىمۇ، چۈنكى قاراڭغۇ تۈندە يالت قىلغان چاقماقنىڭ ھېچقانداق ئىسسىقى بولمايدۇ.

## مىننەت قىلىش ھەققىدە

* مىننەت قىلىش ساخاۋەتنى بۇزىدۇ.

* مىننەت بىلەن ياخشىلىق قىلىش نامەردلىكتۇر.

* ساخاۋەتنىڭ ئاپىتى مىننەت قىلىشتۇر.

* كۆپ مىننەت قىلىش ساخاۋەتنى ۋەيران قىلىدۇ.

* ساخاۋەتكە زۇلۇم سىلىش مىننەت قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

* ساخاۋەتكە مىننەت قىلغان كىشى ساخاۋەت قىلمىغان بىلەن باراۋەردۇر.

## ئۆلۈم ھەققىدە

* لەززەتنى ۋەيران قىلىدىغان، ھەۋەسنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزىدىغان، جۇدالىققا سەۋەبچى بولىدىغان ئۆلۈمنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇڭلار.

* ئۇزۇق - تۈلۈكنىڭ ئاز بولۇپ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىل، ئۇزۇن سەپەرگە پۇختا تەييارلىق قىل.

* ئۆلۈم ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولغان دەرد ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەردۇر.

* يەر يۈزىدە يۈرگەن كىشى چوقۇم يەرنىڭ ئاستىغا كىرىدۇ.

* كېچە بىلەن كۈندۈز داۋاملىق چاقىرىۋاتقان نەرسە، چوقۇم تېز يېتىپ كېلىدۇ.

* ئالدىڭدا ئۇزاق يول ۋە قاتتىق جاپا - مۇشەققەت بار، شۇنداق ئىكەن پۇختا تەييارلىق قىل ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنى كۆپلەپ ئېلىۋال.

* ئۆلۈم ناھايىتى پەرىشان قىلىدىغان قوغلىغۇچى، ئۇنىڭ قولىدىن جىم تۇرغانمۇ، قاچقانمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

* ئۆلۈمنىڭ سۈپەتلەپ بەرگىلى بولمىغۇدەك، ياكى چۈشەندۈرگىلى بولمىغۇدەك دەھشەتلىرى بار.

* ئۆلۈم سىلەرنىڭ پېشانەڭلەرگە پۈتۈلگەن، دۇنيا ئارقاڭلاردىن قاتلىنىپ كېتىۋېرىدۇ.

* سەن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمنىڭ مەھبۇسى.

* ئۆلۈم كەلگەندە ئارزۇ - ئارمانلار بەربات بولىدۇ.

* يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىڭلار، ئۆلۈم سىلەرنى قوغلاۋاتىدۇ، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىڭلار، ئۆلۈم يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

* ئۆلۈۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان كىشىلەرگە ھەيران قالدىم.

* ئۆلۈمنىڭ ئىزلىرى ساڭا ئۆلۈمنى ئەسلىتىپ تۇرسا، سەن قانداقمۇ ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ كېتەلەيسەن؟!

* ئۆلۈمنى ئىشەنچ كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەم ئۆلۈمنىڭ بەكلا يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

* ئۆلۈمنى كۆپ ئويلىغان ئادەم، دۇنيانىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ.

* ئۆلۈمنى كۆز ئالدىدا تەسەۋۋۇر قىلغان كىشىنىڭ كۆزىگە دۇنيا ئەھمىيەتسىز كۆرۈلىدۇ.

* دۇنيانىڭ ئۆلۈمى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىدىن ياخشىراقتۇر.

* ئۆلۈمنى تەلەپ قىلغان كىشىمۇ، ئۆلۈمدىن قاچقان كىشىمۇ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ.

* ئۆلۈم ئەلچىسى قىلىۋاتقان ئىشنى ئۈزۈپ قويىدۇ ۋە ئارمانلارنى ئاشكارىلايدۇ.

* ئۆلۈم ئەلچىسى پۈرسەتنى ۋەيران قىلىدۇ، ئەجەلنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئارماننى توختىتىپ قويىدۇ.

* سەپىرىنىڭ تېز ۋە تۇيۇقسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىنىڭ چوقۇم ئۆلۈمگە پۇختا تەييارلىق قىلىشى كېرەك.

## پۇل ۋە بايلىق ھەققىدە

* پۇل باشقىلارغا سېخىيلىق بىلەن ياخشىلىق قىلىنغاندا ئىگىسىگە شان - شەرەپ ئاتا قىلىدۇ، بېخىللىق قىلغاندا بولسا ئىگىسىگە نومۇس كەلتۈرىدۇ.

* پۇلۇڭدىن ھاجىتىڭگە يەتكۈدەك ئېلىپ قال، قالغىنىنى قولۇڭدا ھېچنېمە قالمايدىغان دەھشەتلىك كۈننىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئىشلەت.

* ياخشى پەزىلەتكە ئىگە قىلغان پۇل ئەڭ ياخشى پۇلدۇر.

* پۇلۇڭ سېنى ھايات ۋاقتىڭدا ماختايدۇ، ئۆلگىنىڭدە بولسا سېنى ئەيىبلەيدۇ.

* ئىنسان قىلغان ئىشىنىڭ جاۋابىنى بېرىدۇ، قىلالمىغان ئىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ.

* ساۋابقا ۋە ياكى سادىق بىر ئـادەمگە ئىـگە قىلغـان پـۇل ئەڭ ياخشى پۇلدۇر.

* ئەر كىشى پۇلغا پايدا يەتكۈزىـدۇ، پۇلمـۇ ھەم ئەرلەرگە پايـدا بېرىدۇ.

* پۇل - مال ئاقىۋەتىنىڭ يامـان بولۇشـىغا سـەۋەبچى بولىـدۇ ۋە ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆپەيتىدۇ.

* پۇل - مال پىتنىنىڭ سەۋەبى ۋە ئاپەتلەرنىڭ غەنىمىتىدۇر.

* مال - دۇنيا چارچاشنىڭ سەۋەبى ۋە مەشەققەتنىڭ ۋاستىدۇر

* مـال - دۇنيـا قولۇڭـدىن چېقىــپ كەتمىگـۈچە سـاڭا پايــدا بېرەلمەيدۇ.

* مال - دۇنيا توپلىساڭ باشقىلارنىڭ خەزىنىچىسـى بولىسـەن، سەن جاپا تارتىسەن، ئۇلار ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ.

* خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغاندا پۇل تاپقىلى بولىدۇ.

* مــال - دۇنياغــا بېــرىلىش پىتــنە - پاســاتنىڭ ســەۋەبىدۇر، مەنسەپكە بېرىلىش ئاپەتنىڭ بېشىدۇر.

* مال - دۇنياغا بېرىلىش ئارزۇ - ئىستەكنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى بۇزىدۇ.

* مال - دۇنياغا بېرىلىش ئېتىقادنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى ۋەيران قىلىدۇ.

* مال ئىگىسى چارچىغان كىشـىدۇر، يامـانلىق بىـلەن غەلىــبە قىلغۇچى مەغلۇپ بولغان كىشىدۇر.

* مـال - دۇنيانىــڭ كـۆپ بولۇشــى يـۈرەكنى ۋەيـران قىلىــدۇ ۋە گۇناھلارغا سەۋەبچى بولىدۇ.

* ئۆز پۇلۇڭنى باشقىلارغا ياردەم سۈپىتىدە بەرگىن، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىغا كۆز قىرىڭنى سالما.

* مال - دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن كىشى ئېسىل كىشىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدۇ.

* ھارام يول بىلەن مال - دۇنياغا ئېرىشكەن كىشى مال - دۇنياسىنى ئورۇنسىز يەرلەرگە سەرپ قىلىدۇ.

* دۆلەتمەنلىك ئۆز ئىگىسىنىڭ خاتاسىنى توغرا، باشقىلارنىڭ توغرىسىنى خاتا قىلىپ كۆرسىتىدۇ.



# 23- باب

## ئالىيجانابلىق ھەققىدە

* سېخىيلىق ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش بىلەن ئالىيجانابلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* ئادالەت يولىدا مېڭىش ئالىيجانابلىقتۇر.

* كىشىنىڭ ئالىيجانابلىقى كەم سۆزلىگى بىلەن، پەزىلىتى سەۋرچانلىقى بىلەن.

## مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە

* ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولساڭلار غەپلەت ۋە ئويۇن - تاماشادىن يىراق تۇرۇڭلار ۋە جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار.

* مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دۈشمىنى ھورۇنلۇقتۇر.

* تىرىشقان كىشىگە مۇۋەپپەقىيەت نېمدېگەن يېقىن؟!

* مۇۋەپپەقىيەت ئىمان ۋە ئىشەنچ بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.

* ئۈچ نەرسە بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ: ھەقىقەتكە ئېسىلىش، ناھەقتىن يىراق تۇرۇش ۋە تېرىشچانلىق كۆرسىتىش.

## نادامەت ھەققىدە

* يامان ئىشىڭغا پۇشايمان قىل، لېكىن ياخشى ئىشىڭغا پۇشايمان قىلما.

* گۇناھقا پۇشايمان قىلىش گۇناھنى يۇيىدۇ.

* گۇناھقا پۇشايمان قىلىش گۇناھنى قايتا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

* يۈرەكنىڭ نادامىتى گۇناھنى يۇيىدۇ ۋە ئىچكى دۇنيانى پاكلايدۇ.

## ئاياللار ھەققىدە

* ئاياللارنىڭ يامىنىدىن قورقۇڭلار، ياخشىسى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئېھتىيات قىلىڭلار.

* ئاياللار بىلەن مەسلىھەتلەشمە، چۈنكى ئاياللارنىڭ كۆز قارىشى كەمچىل، ئىرادىسى ئاجىز، ئاياللارغا تىكىلىپ قارىما، چۈنكى ئۇلارنى ھىجاپلاندۇرۇش ئۇلاردىن شۈبھىلىنىشتىن ياخشىراق، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىشەنچىسىز ئادەمنى ئەكىرىپ قويغان بىلەن ئۇلارنىڭ سىرتقا چىققانلىقىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، قولۇڭدىن كەلسە ئاياللارغا باشقىلار بىلەن تونۇشۇش پۇرستى يارىتىپ بەرمە.

* ئايالىڭدىن شۈبھىلىنىشكە تېگىشلىك بىر نەرسە كۆرسەڭ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە خاتالىقىدىن بىراقلا ھېساب ئال، لېكىن بىر ئىشقا بىرنەچچە قېتىم كايىما، چۈنكى كۆپ كايىساڭ گېپىڭ ئۆتمەيدۇ ۋە گۇناھنى قايتا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ قالىدۇ.

* ئاياللارنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى ئەرلەرنىڭ ئەڭ ناچار خىسلىتى بىلەن باراۋەردۇر.

* ئاياللارغا ئىتائەت قىلىش نادانلىقنىڭ بېشىدۇر.

* ئاياللارغا ئىتائەت قىلىش ئېسىل كىشىلەرگە ياراشمايدۇ ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ.

* ئاياللار بىلەن كۆپ ھۇزۇرلانغان كىشىنىڭ ئەقلى بۇزۇلىدۇ.

* ئايالللارنىڭ يامان ئىشلاردا سىلەردىن ئىتائەت كۈتمەسلىكى ئۈچۈن، ياخشى ئىشلاردىمۇ ئىتائەت قىلماڭلار.

* ئايالنىڭ ھەممە يېرى ناچار، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ناچار يېرى شۇكى، ھېچقانداق ئەر ئايالسىز ياشىيالمايدۇ.

* ئايالنى قوغداش ئۆزىنىڭ ياخشى ئەھۋالىنىڭ ۋە گۈزەللىكىنىڭ داۋاملىشىشىغا پايدىلىقتۇر.

## نەسىھەت ھەققىدە

* ھىدايەت يولىغا باشلىغان نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، يامان يولغا باشلىغانلارغا ئىشەنمەسلىك نېمىدېگەن ئېسىل خىسلەت؟!

* رەسۋالىقتىن ھۇزۇرلىنىدىغان كىشى قانداقمۇ نەسىھەتتىن پايدىلىنالايدۇ؟!

* ساڭا نەسىھەت قىلغان كىشى ساڭا كۆپلەپ پايدا يەتكۈزگەن كىشىدۇر.

* يامانلىقنى كۆرستىش ئەڭ ياخشى نەسىھەتتۇر.

* ئىناقلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان كىشى ئەڭ ياخشى مەسلىھەت بەرگەن بولىدۇ.

* ساڭا نەسىھەت قىلغان كىشى ساڭا كۆيۈنگەن، ياخشىلىق قىلغان، سېنىڭ ئاقىۋىتىڭنى ئويلىغان، ئۆتكۈزىۋەتكەنلىرىڭنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان كىشىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساڭ ھىدايەت تاپقان، ئۇنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلمىساڭ، ھالاكەت يولىغا ماڭغان بولىسەن.

* نەسىھەت قىلغان كىشىگە گەپ ياندۇرما، مەسلىھەت بەرگەن كىشىنى ئالدىما.

* نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن كىشى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

* نەسىھەت قىلغۇچىنى ئالدىغان كىشى يامانلىققا يولۇقىدۇ.

* نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ نەسىھىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى خەتەرلىك دۈشمەنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشىدۇ.

* ئىشەنگەن كىشى بەزىدە خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنمىگەن كىشى بەزىدە ياخشى نەسىھەت قىلىدۇ.

* نەسىھەت مۇھەببەت گۈلىنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

## ئىنساپ ھەققىدە

* ئىنساپ راھەت، يامانلىق بولسا يۈزسىزلىكتۇر.

* ئىنساپ تالاش-تارتىشنى يوقىتىدۇ ۋە دوستلىققا سەۋەبچى بولىدۇ.

* ئۈچ خىل كىشى ئۈچ خىل كىشىگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ: ئەقىللىق كىشى ئەخمەققە، ياخشى كىشى يامان كىشىگە، مەرد كىشى نامەرد كىشىگە.

* ئىنساپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى كىشىنىڭ ئۆزىگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇر.

* ئىنساپلىق كىشىنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىگە ھەممە كىشى گۇۋاھ بولىدۇ.

* ئىنساپ بىلەن زىننەتلەنگەن كىشى ئالىيجانابلىقنىڭ پەللىسىگە يەتكەن كىشىدۇر.

## نېمەت توغرىسىدا

* نېمەتنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ھېزى بول، چۈنكى ھەر قاچقان نەرسە قايتىپ كەلمەيدۇ.

* نېمەت شۈكۈر بىلەنلا داۋاملىشىدۇ.

* نېمەت ساڭا مېھمان بولۇپ كەلسە ئۇنى شۈكۈر قىلىش بىلەن كۈتىۋال.

* نېمەتنىڭ زىننىتى تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر.

* ياخشىلىقلىرىنى ساناپ ئولتۇرغان كىشى مەردلىكنىــى ۋەيــران قىلغان كىشىدۇر.

* ساخاۋەت قولنى ئۇزاتقان كىشى قولىدىكى نېمەتنىــڭ ۋەيــران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولىدۇ.

* الله بەندىسىگە نېمەت بەرسە، ئۇ نېمەتكە شــۈكۈر قىلمىغــان كىشىدىن الله چوقۇم قايتۇرىۋالىدۇ.

* نادانغا بېرىلگەن نېمەت ئەخلەتخانىدىكى باغچىغا ئوخشايدۇ.

* شۈكۈر قىلىنمىغان نېمەت كەچۈرۈلمىگەن گۇناھقــا ئوخشــاش بولىدۇ.

* الله تائــالا بىــزگە ئاتــا قىلغــان نېمىتىنىــڭ داۋاملىششــىنى ۋە ئۇنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىشنى نېسىپ قىلسۇن.

* الله ساڭا داۋاملىق نېمەت ئاتا قىلسا دىققەت قىل ۋە نېمەتنــى شۈكۈر بىلەن قوغداپ قال.

## نەپس - خاھىش ھەققىدە

* نەپس قويۇپ بېرىلگەن ئاتقا ئوخشايدۇ، لېكىن ئەقىل قوللىرى نەپسنى يامانلىق قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ.

* ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن رازى بولغان كىشى زىيان تارتقان كىشىدۇر، نەپسىگە ئىشەنگەن كىشى ئالدانغان كىشىدۇر.

* ئۆزۈڭگە كۆزەتكۈچى بول، ھاياتىڭدىن ئاخىرىتىڭگە بىرەر نېسىۋە ئايرىپ قوي.

* نەپسىڭنى شەھۋەتتىن چەكلە، ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.

* ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلانما، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ كىشىلەر سەندىن نارازى بولىدۇ.

* تاماخورلۇقتا ۋە شەھۋەتكە نەپسىنى قويۇپ بەرگەن كىشى ئۆزىنى ھالاكەت يولىغا باشلىغان كىشىدۇر.

* ئۆزىنى تۆزىتەلمىگەن كىشى ئەڭ ئاجىز كىشىدۇر.

* جەننەتتىن باشقا نەرسىگە ئۆزىنى ئاتىغان كىشى ئەمەلىيەتتە ئەڭ چوڭ ئاپەتكە يولۇققان كىشىدۇر.

* نەپس ۋە ئۇنىڭ تۈگىمەس ئىستەكلىرىگە بويسۇنۇش ھەرقانداق ئاپەتنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبىدۇر.

* مۇئمىن ئەتىگەن - ئاخشام ئۆز نەپسىنى ئەيىبلەپلا يۈرىدۇ، داۋاملىق ئەيىب تاپىدۇ ۋە تەلەپنى ئىنتايىن يۇقىرى قويىدۇ.

* نەپس ئىلمىگە ھېرىسمەن، لېكىن قۇلاق ئۇنى چۈشەنمەيدۇ، شۇنداق ئىكەن چۈشەنمىگەن نەرسىنى يۈرىكىڭگە زورلىما، چۈنكى بەدەندىكى ھەربىر ئەزانىڭ سەندە ھەققى بار.

* نەپسىڭلارنى ئىپپەت بىلەن زىننەتلەڭلار ۋە ئىسراپخورلۇقتىن يىراق تۇرۇڭلار.

* نەپسىڭنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىق، ھىدايەت تاپىسەن، ئالىملار بىلەن ئارىلاشقىن، ئىلىم ئۆگىنىسەن.

* ھاۋايى - ھەۋەستىن يىراق تۇرۇش ۋە نازۇ - نېمەتكە بېرىلمەسلىك نەپسىنىڭ دورىلىرىدىندۇر.

* نەپسىڭنى خارلا، دىنىڭنى كۈچلەندۈر، ئاخىرىتىڭنى ساقلاپ قال، دۇنيا ماللىرىنى ساخاۋەت بىلەن سەرپ قىل.

* نەپسىنىڭ خاھىشىغا ئەگەشمىگەن، ئۇنى ئاسراپ، يۈگىنىدىن مەھكەم تۇتۇپ، اللهنىڭ تائىتىگە باشلىغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

* ئۆزۈڭدىن رازى بولۇشۇڭ ئەقلىڭنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* كىشىنىڭ ئۆزىدىن رازى بولۇشى پەرۋەردىگارىنى نارازى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

* نەپسنى باشقۇرۇش ئەڭ ياخشى تەدبىر، ئىلمدە باش بولۇش ئەڭ چوڭ شەرەپتۇر.

* نەپسىنىڭ تۈزىلىشى تاماخورلۇقنى تاشلاش بىلەن بولىدۇ.

* نەپسىنىڭ تۈزىلىشى ھاۋايى - ھەۋەسكە قارشى تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

* غەزەپ ۋە شەھۋەتنىڭ ئىستەكلىرى نەپسىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ئېلىپ بارىدۇ.

* ئۆزىنىڭ ئەيىبنى بىلىپ باشقىلاردىن يىراق تۇرغان كىشى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر.

* باقىي دۇنيانى ئۇنتۇپ پانىي دۇنياغا بېرىلگەن كىشى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىدۇر.

* ئۆزۈڭنى ئەيۋەچانلىقتا ئادەتلەندۈر، تەكرار سوراشتىن يىراق تۇر، ياخشىلىق سەن بىلەن بىللە بولىدۇ.

* ئۆزىنى تونىغان كىشى پانىي دۇنياغا قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟

* ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن خەۋىرى يوق، يۈتتۈرگەن نەرسىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھالىدىن ئەجەبلەندىم.

* ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان كىشى قانداقمۇ باشقىلارغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن.

* ئۆزىنى تونىيالمىغان كىشى قانداقمۇ پەرۋەردىگارىنى تونىسۇن.

* ئۆزۈڭگە ئىشەنگىن لېكىن ئۆزۈڭگە ئالدانما.

* ئۆزۈڭنى باشقۇر، تەبىئىتىڭنىڭ يامان تەرەپلىرىنى تۈزىتىۋال، گۇناھلىرىڭنى پەرۋەردىگارىڭغا يۈكلەپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلە.

* نەپسىڭنىڭ يامان تەبىئەتلىرى بار، ھېكمەت ئۇ يامان تەبىئەتتىن توسۇپ قالىدۇ.

* ئۆزىنى تۈزىتىۋالغان كىشى ئۆزىگە ئىگە بولغان كىشىدۇر.

* نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان كىشى قەدىر - قىممىتىنى چۈشۈرىۋالىدۇ.

* ئۆزىنى ئالدىغان كىشىنىڭ باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش ھەققى يوق.

* ئۆزىنى باشقورالىغان كىشى سىياسەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان بولىدۇ.

* كىچىكىدە ئۆزىنى باشقورالمىغان كىشى چوڭ بولغاندا ئېسىل بولالمايدۇ.

* ئۆزىنى تاۋلىغان كىشى مەنپەئەتلىنەلەيدۇ.

* ئۆزىنى باشقۇرغان كىشى قىممىتىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ.

* ئۆزىنى تونۇمىغان كىشى باشقىلارنى تونۇيالمايدۇ.

* ئۆزىگە پايدىلىق بولمىغان نەرسىلەر بىلەن ئاۋارە بولغان كىشى ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ.

* ئۆزىگە ئاگاھ بولغان كىشىنى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى قوغداپ تۇرىدۇ.

* ئۆزىنى مەرد ھېسابلىغان كىشى شەھۋىتىنى باشقۇرالايدۇ.

* نەپسىنىڭ شەھۋىتىگە بويسۇنغان كىشى ئۆزىنىڭ ھالاكىتىگە يول ئاچقان بولىدۇ.

* ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن گۇناھلىرى تۈپەيلى ئۆزىنى ئەيىبلىگەن كىشى گۇناھلارىنىڭ كۆپلۈكىدىن چۆچۈپ كېتىدۇ.

* ئۆزىنى تەربىيىلىيەلمىگەن كىشى ئەقلىدىن پايدىلىنالمايدۇ.

* ئۆزىنى ئۆزىدىن باشقا نەرسە بىلەن مەشغۇل قىلغان كىشى دەھشەتلىك قاراڭغۇدا ئېزىپ قالىدۇ ۋە ھالاكەت يوللىرىدا ئىككىلىنىپ قالىدۇ.

* ئۆزىنى تەربىيىلىيەلمىگەن كىشىنى يامان ئادەتلەر رەسۋا قىلىدۇ.

* ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە يۈزلىنىش نەپسىنىڭ پەزىلىتىدۇر.

* تاماخور نەپس پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى ئويلىيالمايدۇ.

* ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلگەن كىشىگە دۇنيا ئىنتايىن خار بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

* ئۆزۈڭنى ھەرقانداق پەسكەشلىكتىن يىراق تۇت، ھەتتا ئۇ پەسكەشلىك سېنى ياخشى ئىشلارغا باشلاپ بارسىمۇ.

* نەپسىڭ ساڭا ئۆرۈش ئاچقان دۈشمەندۇر، ئەگەر سەن سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ ئۇ سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

* ئۆزۈڭنى قەدرىڭدىن تۆۋەن دەپ بىلگىن، كىشىلەر سېنى چوڭ بىلىدۇ.

* ياخشى كىشىلەر يامان كىشىلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

* ياخشى كىشىلەر يامان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايدۇ.

* نەپسىڭگە ئالدانما.

* نەپسىڭ سېنى ھىدايەت يولىغا باشلىسا، چوقۇم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىل.

* نەپس ئارمانغا قانمايدۇ، ھەتتاكى ئەجەل كەلگۈچە.

* ئۆزىنى تونۇغان كىشىدىن ئېھتىيات ۋە نادامەت يىراقلىشىپ قالسا، خاتا قەدەم بېسىپ سالىدۇ.

* ئۆزىنى تۇتىۋېلىش ئەڭ چوڭ شاھلىقتۇر.

* نەپسىڭنىڭ ئىززىتىنى ساقلىۋال، غەزىپىڭنى بېسىۋال، قولۇڭنىڭ ناچارلىقىدىن ساقلان، تىلىڭنىڭ يامانلىقىدىن پەخەس بول، زوراۋانلىقتىن يىراق تۇر، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، ئاچچىقىڭ يانىدۇ ۋە ئەقلىڭ جايىغا كېلىدۇ.

* غەزەپلەنگەن ۋاقتتا ئۆزۈڭنى تۇتىۋالمىساڭ، ھالاكەتكە دۇچار بولىسەن.

* ئارزۇ قىلىش ۋە قورقۇش ۋاقتىدا ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئەڭ ياخشى ئەخلاقتۇر.

## ساخاۋەت ھەققىدە

* بېخىللىقتىن يىراق تۇر، كۈندىلىك ھاياتىڭدا لازىم بولمىغان نەرسىنى ساقلىشىڭ باشقىلارغا خەزىنىچى بولۇپ بېرىشىڭدۇر.

* باشقىلارغا ساخاۋەت قىلغان كىيىمىڭ ئۆز كېيىمىڭدىن بەكرەك چىدايدۇ.

* ساڭا پايدا بەرگەن تەڭگە زىيان بەرگەن تىللادىن ياخشىراقتۇر.

* كىچىككىنە نەرسە بەزىدە كۆپلىگەن بايلىقتىن ياخشىراقتۇر.

* ساڭا پايدىلىق ئازغىنا، نەرسە ساڭا پايدا بەرمىگەن كۆپ نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر.

* ئاخىرەتكە ئەسقاتقان نەرسە دۇنيادىن ئېلىنغان ئەڭ چوڭ پايدىدۇر.

* يوقسۇل تۇرۇپ ساخاۋەت قىلغان كىشىگە كۆپلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ.

## مۇناپىقلىق ھەققىدە

* مۇناپىقلىق كاپىرلىقنىڭ قوشكېزىكىدۇر.

* ناچار مەنىۋىيەت بىلەن گۈزەل كۆرۈنۈش ئەڭ ناچار خىسلەتتۇر.

* مۇناپىقنىڭ ئېغىزى تاتلىق، يۈرىكى زەھەردۇر.

* مۇناپىقنىڭ سۆزى چىرايلىق لېكىن قىلىقى يۇقۇملۇق كېسەللىكلا ئوخشايدۇ.

* مۇناپىق پەسكەش، دۆت، يۈزسىز ۋە بىتەلەيدۇر.

* مۇناپىق ئۆزىنى ئالدايدۇ ۋە باشقىلارغا يامانلىق قىلىدۇ.

* مۇناپىقلىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئۇتۇقى بىلىنمەيلا قالىدۇ.

* مۇناپىق يېشىل يۇپۇرمىقى بار دەرەخكە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ئىنتايىن ئاچچىقتۇر.

* كىشىنىڭ مۇناپىق بولۇشى خار بولۇشىدۇر.

* اللهقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ ئۆزى قىلمىغان، يامانلىقتىن چەكلەپ تۇرۇپ ئۆزى قىلغان كىشى مۇناپىقلىقى ئەڭ ئاشكارا بولغان كىشىدۇر.

## ئىنتىقام ھەققىدە

* ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراش نامەردنىڭ ئىشىدۇر.

* زەپەرگە ئېرىشكەندە باشقىلارنى جازالاش نامەردلىكتۇر.

* گۇناھكارنى جازالىغان كىشىنىڭ پەزىلىتى بولمايدۇ.

## سۇخەنچىلىك ھەققىدە

* گەپ توشىغان كىشىنى يېقىن تۇغقانلار ئارىغا ئالمايدۇ، يىراقتىكىلەر بولسا يامان كۆرىدۇ.

* ساڭا گەپ توشىغان كىشى سېنىڭ گەپلىرىڭنى باشقىلارغىمۇ توشۇيدۇ.

* سۇخەنچىگە ئىشەنمە، گەرچە نەسىھەت قىلغۇچىلار قىياپىتىدە كىرىۋالسىمۇ، چۈنكى سۇخەنچى گېپىنى توشىغان كىشىگە زۇلۇم قىلغان بولسا، گەپنى يەتكۈزگەن كىشىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

* سۇخەنچىگە ئىشەنمە، توشۇپ كەلگەن گېپى مەيلى راست بولسۇن، مەيلى يالغان.

## ئىنسانلار ھەققىدە

* ئىنسانلار بالىلارغا ئوخشاش، ھەرقانداق بالا ئانىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

* ئىنسانلار ئۈچ خىل بولىدۇ: اللهنى ئەسلەيدىغان ئالىم، نىجاتلىق يولىنى ئىزدەۋاتقان ئوقۇغۇچى ۋە كەلگەنكى ئادەمگە ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان، ئىلىم نۇرى بىلەن يولىنى يورۇتمىغان ۋە مۇستەھكەم تايانچقا تايانمىغان ئەخمەقلەر.

* ئىنسانلار دەرەخكە ئوخشايدۇ، تەمىنلىنىۋاتقان سۇ بىر، لېكىن بېرىدىغان مېۋە باشقا.

* ئۆزىنىڭ ئەيىبى بىلەن بولۇپ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سۈرۈشتۈرمىگەن كىشى ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىدۇر.

* ھېسداشلىققا ھەممىدىن موھتاج كىشىلەر: نادانىنىڭ قولىغا قالغان ئالىم، نامەردىنىڭ قولىغا قالغان مەرد، يامان كىشىنىڭ قولىغا قالغان ياخشى كىشىدۇر.

* دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر سېخىلەر، ئاخىرەتتىكى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر تەقۋادار كىشىلەردۇر.

* كىرىمى ئۆزۈلۈپ، چىقىمى كۆپ بولغان كىشى ئەڭ ناچار ئەھۋالغا قالغان كىشىدۇر.

* نەپسى خاھىشىغا قارشى چىققان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى ئۆزىنىڭ دۇنياسىغا قارشى چىققان كىشىدۇر.

* ئىنسانلار ئىككى خىلدۇر: ئالىم ۋە ئوقۇغۇچى بۇلاردىن باشقىسى ئەقىلسىزدۇر.

* ئاچچىقىنى كەلتۈرگەننى كەچۈرگەن، زۇلۇم قىلغاننى ئەپۇ قىلغان ۋە يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلغانلار ئەڭ ياخشى ئىنسانلاردۇر.

* كىشىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرگەن كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر.

* بىرى ياخشىلىق قىلسا رەھمەت ئېيتقان، قازاغا ئۇچرىغاندا سەۋر قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا ئەپۇ قىلغانلار ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر.

* تاماخورلۇقنى يۈرىكىدىن چىقىرىۋەتكەن ۋە پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن خاھىشىغا قارشى چىققان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر.

* كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ۋە بېرىلگەن نېمەتكە شۈكۈر قىلمايدىغان كىشىلەر ئەڭ ناچار كىشىلەردۇر.

* دوستلارنىڭ ئارىسىدا گەپ توشىغان ۋە ئېرىشكەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇغان كىشى ئەڭ ناچار كىشىدۇر.

* ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان كىشى ئەڭ ناچار كىشىدۇر.

* ئامانەتكە ئىشەنمىگەن، خىيانەتتىن يىراق تۇرمىغان كىشى ئەڭ ناچار كىشىدۇر.

* نامەردلىك لىباسىنى كىيگەن ۋە زالىملارغا ياردەم بەرگەن كىشى ئەڭ ناچار كىشىدۇر.

* ھەر كىشىگە گۇمان قىلىپ ئىشەنمىگەن، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرى تۈپەيلى ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشى ئەڭ ناچار كىشىدۇر.

* ئارزۇسى كۆپ، ئىشى ئاز كىشى ئەڭ ناچار كىشىدۇر.

* ئىنسانلارغا بەختسىزلىك تىلىگەن كىشى ئاپەتتىن ساق قالمايدۇ.

* مۇلايىملىقتا ئەڭ كۆپ ئەمەل قىلغان، ئەڭ ئەقىللىق، ھەقىقەتنىڭ قىينچىلىقلىرىغا ئەڭ سەۋرچان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر.

* ئىنسانلار ئىككى خىل: شەرىئەتكە ئەگەشكۈچى ۋە يېڭى بىر مەزھەپ پەيدا قىلغۇچى.

* ئىنسانلارنى تونۇغان كىشى ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەرسىگە قىزىقماسلىقى كېرەك.

* ئۆزىنى تۆۋەن كۆرمەستىن كەمتەرلىك قىلغان، ئۆزىنى قوغداپ تۇرۇپ خارلىقنى قوبۇل قىلغان كىشى ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشىدۇر.

## ئۇيقۇ ھەققىدە

* قىسقا ئۆمرىنىڭ خورىشىغا، كۆپلىگەن ساۋابتىن قۇرۇق قېلىشقا سەۋەبچى بولغان ئۇيقۇ ئەڭ ناچار قەرزداردۇر.

* كېچىسى كۆپ ئۇخلىغان كىشى، كېچىلىكى قىلىدىغان ئىبادەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* كۈندۈزنىڭ ئىرادىلىرىنى ئۇيقۇ ۋەيران قىلىدۇ.

* ئەمەل - ئىبادەتنى ئاز قىلىپ، كۆپلىگەن ساۋابتىن مەھرۇم قالغان ئۇخلىغۇچى نېمىدېگەن بىچارە – ھە!

## نىيەت ھەققىدە

* نىيەتنىڭ ياخشى بولۇشى ئەڭ ياخشى خەزىنىدۇر.

* ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان نىيەت ئۇتۇقلۇقتا ئەڭ يېقىن نىيەتتۇر.

* نىيەت بۇزۇلغاندا ئاپەت يۈز بېرىدۇ.

* نىيەتنىڭ گۈزەللىكى ئىشنىڭ ئىسىللىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

* نىيىتىنى بۇزغان كىشى ئارمىنىغا يېتەلمەيدۇ.

* نىيىتى ياخشى بولغان كىشىنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ، ھاياتى ياخشى ئۆتىدۇ ۋە ياخشى كۆرۈلۈشى ۋاجىپ بولىدۇ.

* نىيىتى يامان كىشى يوقىلىپ كەتسە، خۇشاللىق يۈز بەرگەن بولىدۇ.

## 24- باب

## دوستلۇق ھەققىدە

* دوستۇڭنى ھۆرمەتلە ۋەدەڭگە ۋاپا قىل.

* ئۈچ نەرسە دوستلىشىشقا سەۋەب بولالايدۇ: دىن، كەمتەرلىك ۋە سېخىيلىق.

* ئۈچ نەرسە باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ: گۈزەل ئەخلاق، مۇلايىملىق ۋە كەمتەرلىك.

* ياخشىلار بىلەن دوستلىشىش ئەڭ ياخشى تاللاشتۇر.

* ئىنسانلارغا كۆيۈمچان بولۇش ئەقلىنىڭ بېشىدۇر.

* يۈرەكلەرنى دوستلۇق بىلەن ئارام تاپقۇزۇڭلار، چۈنكى يۈرەك پارا قوبۇل قىلمايدىغان گۆۋاھچىدۇر.

* قىيىن ۋە قاتتىق كۈنلەردە دوستلۇقنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنىدۇ.

* دوستلۇقنى قەدىرلە، ھەتتا ئۇنى قەدىرلەيدىغان باشقا بىرىنى تاپالمىساڭمۇ.

* ئەخمەق كىشىنىڭ دوستلۇقى ئوت تۇتاشماقچى بولغان ئوتۇنغا ئوخشاش، بىر - بىرىنى يەپ تۈگىتىدۇ.

* ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى ئېزىتقۇ يوقالغاندەك يوقۇلىدۇ، تۇمان توزۇپ كەتكەندەك توزۇپ كېتىدۇ.

* نادانلارنىڭ دوستلۇقى تۇراقسىز بولىدۇ، ئاسانلا يوقاپ كېتىدۇ.

* ئاۋام خەلقنىڭ دوستلۇقى بۇلۇت يوقالغاندەكلا يوقىلىدۇ، ئېزىتقۇ تارقالغاندەك تارقىلىپ كېتىدۇ.

* ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلارنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنمە.

* قەلبنىڭ دوستلۇقى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقتۇر.

* يۈرەكلەرنىــــڭ ئۈزاقلىشىشــــى ھەرقانــــداق ئۈزاقلىشىشـــتىن ياماندۇر.

* دۇنيــا سۆيگۈســى يــۈرىكىگە ئورنىغــان كىشــى قانــداقمۇ الله سۆيگۈسىنى دەۋا قىلالىسۇن؟

* دوستلۇق ئەخلاقلىق كىشى بىلەن بولمىسا ساپ بولمايدۇ.

## ئېھتىيات قىلىش ھەققىدە

* ھارامـــدىن ئېھتىيـــات قىلـــش ئەقىللىـــق كىشـــلەرنىڭ خىسلىتىدىن ۋە مەرد كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدىندۇر.

* يامانلىقتىن يىراق تۇرۇش ئەڭ كاتتا ساۋابلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

* ئېھتىياتنىڭ ئەسـلى: گۇنـاھتىن يىـراق تـۇرۇش ۋە ھارامـدىن ساقلىنىشتۇر.

* ئېھتىياتنىڭ ئاپىتى قانائەتسىزلىكتۇر.

* ئېھتىياتنىڭ مېۋىسى پاكلىقتۇر.

* ئېھتىياتنىـــــڭ ئىســـــپاتى نەپســـــىنىڭ تامـــــاخورلۇقتىن يىراقلىشىشدۇر.

* ئېھتىياتنى قولدىن بەرمە، تاماخورلۇقنىڭ ئالداشلىرىدىن يىراق تۇر، چۈنكى تاماخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ياماندۇر.

* تاماخورلۇقنىڭ قۇلى بولۇپ قالغـان كىشـى ئېھتىياتنىــڭ نــېمە ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟

* ئېھتىيات تۈزىتەلمىگەن كىشىنى تاماخورلۇق بوزىدۇ.

* ئېھتىيـاتتىن مەھـرۇم بولغـان كىشـى نومۇسسـىزلىق لىباسـى كېيگەن بولىدۇ.

* ئەڭ ئېسىل ھەمراھ ئېھتىيات، ئەڭ يامان ھەمراھ بولسا تاماخورلۇقتۇر.

* مۇناپىقنىڭ ئېھتىياتى ئۇنىڭ تىلىدىلا كۆرۈنىدۇ.

* ئېھتىيات تاماخورلۇق خارلىقىدىن ياخشىراقتۇر.

* ئەگەر ئېھتىيات قىلساڭ، گۇناھلار پاتقىقىدىن پاك قالىسەن.

## ئىزدىنىش ھەققىدە

* ئىناقلىق ۋە ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار، بىر - بىرىڭلارنى تاشلىۋېتىش ۋە ئايرىمچىلىقتىن ساقلىنىڭلار.

* يوقسۇل تۇرۇقلۇق سىلەرنى ئىزدىگەن كىشى باي تۇرۇقلۇق سىلەردىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن كىشىدىن ياخشىراقتۇر.

* يوقسۇلنىڭ سېنى ئىزدىشى باينىڭ قوپاللىق قىلىشىدىن ياخشىراقتۇر.

* قېرىندىشىڭنىڭ قوپاللىقى سېنىڭ ئۇنى ئىزدىشىڭگە توسالغۇ بولۇپ قالمىسۇن.

## كەمتەرلىك ھەققىدە

* مەرتىۋىسى يۇقىرى تۇرۇپ كەمتەرلىك قىلىش كۆچى يېتىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلغانغا ئوخشاش.

* كەمتەرلىك ئەقىلنىڭ بېشىدۇر، تەكەببۇرلۇق بولسا نادانلىقنىڭ بېشىدۇر.

* كەمتەرلىك كۆتۈرىدۇ، تەكەببۇرلۇق چۈشۈرىدۇ.

* بايلارنىڭ الله رازىلىقى ئۈچۈن يوقسۇللارغا كەمتەرلىك قىلىشى، كەمتەرلەرنىڭ اللهقا تەۋەككۈل قىلىش مەقستىدە بايلارنىڭ قولىدىكىلەرگە كۆز قىرىنى سالماسلىقى نېمىدېگەن ئېسىل ئىش!

* كەمتەرلىك بىلەن ئىشلار تۈزىلىدۇ.

## ۋەز ھەققىدە

* ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبرەت ئېلىش ئەڭ چوڭ ۋەزدۇر.

* ھەرقانداق ئىشتا ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت ۋە ۋەز باردۇر.

* قۇلاق ئاڭلاپ زېرىكمەيدىغان، پايدىسى تۈگىمەيدىغان، تىل سۈكۈت قىلمايدىغان، ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان ۋەز — نەسىھەت ھەقىقىي ۋەز - نەسىھەتتۇر.

* ۋەز - نەسىھەت يۈرەككە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ.

* ۋەز - نەسىھەت روھنى پاكلاپ، قەلبنى روھلاندۇرىدۇ.

* ۋەز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا غەپلەت ۋە ئالدىنىش پەردىسى باردۇر.

* ۋەزنىڭ مېۋىسى دىققەت قىلىشتۇر.

* ۋەزدىن پايدىلانغان ۋەقەلەردىن ئىبرەت ئالغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن.

*بەزى ۋەز قىلغۇچىلار بار، ئەمەلىيەتتە ئۆزى دىققەت قىلمايدۇ.

* يۈرەك غەپلەتتە بولسا ئاڭلاش پايدا بەرمەيدۇ.

* ۋەز ئارقىلىق يۈرەكلەر نۇرلىنىدۇ.

* ۋەز ـ نەســـىھەتلەرگە دىقــقەت قىلــىش ئېھتىياتچانلىققــا چاقىرىدۇ، شۈنداق ئىكەن، ئىبرەتلىك ئىشلاردىن نەسىھەت ئىلىڭلار، باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار، ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن پايدىلىنىڭلار.

* ئۆزىنىڭ تەجرىبىســى ئەقىللىــق كىشــىلەر ئۈچـۈن يېتەرلىــك ئىبرەتتۇر.

* پەلەككە ياخشى گۇمان بىــلەن قــاراپ تـۇرۇپ قالغــان كىشــى پەلەكنىڭ نەسىھەتلىرىنى چۈشەنمىگەن بولىدۇ.

* ساڭا نەسىھەت قىلغان كىشىگە قوپاللىق قىلما.

* ساڭا ۋەز قىلغان كىشى ئەمەلىيەتتە ساڭا ياخشــىلىق قىلغــان كىشىدۇر.

* ئىنسانلاردىن ئىبرەت ئالمىغان كىشىنى اللە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىپ بېرىدۇ.

* پەلەكنىڭ ئىبرەتلىك ۋەقەلىكلىرىــدىن ئىبــرەت ئالغــان كىشــى پەلەككە بولغان ياخشى گۇمانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

* ۋەز ئەڭ ياخشى سوۋغاتتۇر.

* ۋەز پايدا بەرمىگەنلەردــن بولمــا، چــۈنكى ئەقىللىــق كىشــى ئەدەپلەش بىلەن بولدى قىلىدۇ، ھايۋان بولسا تاياقتىن باشــقا نەرســە بىلەن بولدى قىلمايدۇ.

## ھىدايەت ھەققىدە

* ھىدايەت ۋە ئــازغۇنلۇق بەنــدىنى تالىشــىدۇ، قايســى غالــب كەلسە، بەندە ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ.

* الله تائالا بەندىسىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئەڭ ياخشى ئىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە، بىرىلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بارلىقى بىلەن اللهقا ئىبادەت قىلىشقا نېسىپ قىلىدۇ.

* ھىدايەت ئەڭ ياخشى ياردەمچى، ياخشى ئەمەل ئەڭ ياخشى ھەمراھتۇر.

* نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ سۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە يامانني ياخشى دەپ بىلگەن كىشى ھىدايەتكە ئېرىشمىگەن كىشىدۇر.

* ھىدايەت مەدەت بەرمىگەن كىشى ھەقىقەتكە قايتالمايدۇ.

* ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلىيالايدىغان كىشى ۋە ياخشىلىقنى تارقىتىدىغان كىشىگە ئامانەت قويغان كىشى ھىدايەت تاپقان ھېسابلىنىدۇ.

## تەقۋادارلىق ھەققىدە

* تەقۋادارلىق پاكلىق ۋە نومۇسنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

* ھەرقانداق گۇناھ قىلىشتىن قورقۇش ھەقىقي تەقۋادارلىقتۇر.

* تەقۋادارلىققا تايىنىڭلار، چۈنكى تەقۋادارلىق پۇختا قورغان كىمكى ئۇ قورغانغا تايانسا، ئۇنى ھەرقانداق دۈشمەندىن قوغداپ قالىدۇ، كىمكى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ماڭسا ھەرقانداق خاتالىقتىن ساقلاپ قالىدۇ.

* تەقۋادارلىق ھاياتىڭدىكى خاتالىقتىن ساقلاپ قالىدۇ، قىيامەت بولسا، اللهقا يېقىن بەندىلەردىن بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

* تەقۋادارلىقنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ئارغامچا ۋە ئىنتايىن پۇختا قورغاندۇر.

* تەقۋادارلىق دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئىشەنچىنىڭ تۈۋرىكىدۇر، ئۇ يەنە ئۆزىنى تۈزەش يولى ۋە نىجاتلىق ئاچقۇچىدۇر.

* ئىبرەتلەر كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بېرىدىغان ئازابتىن خەۋەر بەرگەندە، تەقۋادارلىق ئىنسانىنى شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ.

* تەقۋادارلىقتىن يىراقتا قالغان كىشى لەززەت ۋە شەھۋەتكە ئالدىنىدۇ، گۇناھلار پاتقىقىغا پاتىدۇ ۋە ئۇستىگە بىرمۇنچە مەسئۇلىيەتلەر يۈكلىنىپ قالىدۇ.

* شەھۋەتنى تاشلاش تەقۋادارلىقنىڭ بېشىدۇر.

* شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش تەقۋادارلىقتىندۇر.

* تەقۋادار بولۇڭلار، چۈنكى تەقۋادارلىق ئەڭ ياخشى ئوزۇق ۋە ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر.

* يۈرىكى تەپەككۇر بىلەن، تىلى اللەنى زىكىر قىلىش بىلەن، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئەندىشە قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش تەقۋادار بولۇڭلار.

* گۇناھتىن ساقلانغان كىشى تەقۋادار ھېسابلىنىدۇ، ئەيىبتىن پاكلانغان كىشى  پاك ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

* تەقۋادار كىشىلەرنىڭ نەپسى قانائەتچان، ھەۋىسى ئۆلۈك، يۈزلىرىدە تەبەسسۇم، لېكىن يۈرىكى داۋاملىق قايغۇ بىلەن ياشايدۇ.

* تەقۋادار كىشىلەرنىڭ يۈرىكى قايغۇ بىلەن ئۆرتىنىدۇ، يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ.

* پۈرسەتنى قولدىن بەرمەستىن، سەپەرگە تەييارلىق قىلىش تەقۋادار كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

* سۆكۈتتا ياشىغان تەقۋادار كىشى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

* تەقۋادار كىشى ھىدايەت بىلەن ماڭىدۇ، يامانلىقتىن ئېھتىيات قىلىدۇ، ئاقىۋىتىنى ياخشىلاشقا ھېرىسمەن بولىدۇ.

* تەقۋادار كىشىنىڭ ئۈچ بەلگىسى بار: ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، ئارماننى قىسقا قىلىش ۋە پۇرسەتنى قەدىرلەش.

* يۈرىكىدە تەقۋادارلىق بولغان كىشىنىڭ يۈرىكىگە ھەسەتخورلۇق ئورۇنلاشمايدۇ.

## تەۋەككۇل ھەققىدە

* تەۋەككۇل بارلىق كۈچ ۋە قۇۋۋەتتىن ئادا - جۇدا بولۇپ تەقدىرنىڭ قىسمىتىنى كۈتۈش دېمەكتۇر.

* ئۆز پىكرىڭدە چىڭ تۇرىۋالما، چۈنكى كۆپىنچە ئۈتۈق كۈتۈلمىگەن يەرلەردە بولىدۇ.

* تەۋەككۇل ھېكمەتنىڭ قورغىنىدۇر.

* تەۋەككۇل ئىشەنچنىڭ ئىسپاتىدۇر.

* بەندىنىڭ اللەقا تەۋەككۇل قىلىشى اللەقا بولغان ئىشەنچىسىگە باغلىقتۇر.

## پەرزەنت ھەققىدە

* بالىدىن ئايرىلىش يۈرەكنى كۆيدۈرىدۇ.

* بالىنىڭ ۋاپاتى يۈرەكنى ئۆرتىيدۇ.

* ناچار بالا شان - شەرەپنى ۋەيران قىلىپ، ئەجدادقا خىيانەت قىلىدۇ.

* ناچار بالا ئەجدادقا خىيانەت قىلىدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

# 25-باب

## اللهنىڭ ھىدايىتى ھەققىدە

* ھىدايەت نۇرىغا تايانغان، خاھىشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلغان، ئىماننى قىيامەتنىڭ تەييارلىقى ۋە تەقۋادارلىقنى قىيامەتنىڭ ئوزۇقى دەپ بىلگەن كىشى نىجاتلىقىقا ئېرىشكەن كىشىدۇر.

* يول باشلىغۇچى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتسا، ئازغۇن كىشى قانداقمۇ ھىدايەت تاپسۇن؟

* خاھىشىغا بويسۇنغان كىشى قانداقمۇ ھىدايەتكە ئېرىشەلىسۇن.

* اللهنىڭ ھىدايىتى بىلەن شەرەپلەنگەن كىشى دىن دۈشمەنلىرىدىن يىراق تۇرىدۇ.

* ئازغۇننى ھىدايەت يولىغا باشلايمەن دېگەن كىشى ھىدايەت يولىدىن ئازىدۇ.

## ھەزىل - چاقچاق ھەققىدە

* كۆپ چاقچاق قىلىش نادانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.
* كۆپ چاقچاق قىلغان كىشىنىڭ ھەيۋىسى بولمايدۇ.
* چاقچاقتا بېرىلگەن كىشى ئەقلىدىن ئايرىلغان كىشىدۇر.

## ھالاكەت ئامىللىرى

* ئۈچ نەرسە ھالاكەتكە سەۋەبچىدۇر: ئاياللارغا ئىتائەت قىلىش، ئاچچىقتا يېڭىلىش ۋە شەھۋەتكە بېرىلىش.

* ئۈچ نەرسە ھالاكەت بىلەن باراۋەردۇر: شاھقا قارشى چىقىش، مۇناپىققا ئىشىنىش ۋە سىناش ئۈچۈن زەھەر ئىچىش.

* ئۈچ نەرسە قايغۇ ۋە ھالاكەتكە سەۋەبچىدۇر بايلىقتىن كېيىنكى يوقسۇللۇق، ئەزىزلىكتىن كېيىنكى خارلىق، دوستلاردىن ئايرىلىش.

* ئۈچ نەرسە كۈچ - قۇۋۋەتنى خورىتىدۇ: دوستلاردىن ئايرىلىش، غۇربەتتىكى يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىشى.

## ھىممەت ھەققىدە

* ئەڭ ئالىي ھىممەت مەردلەرنىڭ ھىممىتىدۇر.

* ھىممەتكە قارىتا دەرد بولىدۇ.

* بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندا ھىممىتىڭ، غەلىبە قىلغاندا مەردلىكىڭ ئالىي بولسۇن.

* ھىممىتى كىچىك بولغان كىشىنىڭ پەزىلىتى يوق بولىدۇ.

* ھىممىتى ئالىي كىشىنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

* ھىممەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىگە ئېرىشكەن كىشىنى ئىنسانلار چوڭ بىلىدۇ.

* ئەرنىڭ قەدىر - قىممىتى ھىممىتىگە قارىتا بولىدۇ، ئىشى بولسا نىيىتىگە قارىتا بولىدۇ.

* ئەرنىڭ ھىممىتى قەدىر - قىممىتىگە، كۆنداشلىقى بولسا ۋىجدانىغا قارىتا بولىدۇ.

* ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا قايغۇرما، كېلەچەكتىكى ئىشىڭغا تەسىر يېتىدۇ.

## ھاۋايى - ھەۋەس ھەققىدە

* ھاۋايى - ھەۋەس ئەقىلنىڭ دۈشمىنىدۇر.

* ھاۋايى - ھەۋەس ئەقىلنىڭ ئاپىتىدۇر.

* ھاۋايى - ھەۋەس ئەگىشىلگەن دۈشمەندۇر.

* ئەقىلنىڭ ئاپىتى ھاۋايى-ھەۋەستۇر.

* ھاۋايى - ھەۋەسكە ئاسىيلىق قىل، سالامەت قالىسەن، دۇنياغا بېرىلمىگىن پايدا ئالىسەن.

* ھاۋايى-ھەۋەسنى چەكلەپ تۇرۇش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدىندۇر.

* ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەقىل بىلەن قارشى تۇرۇڭلار.

* ھاۋايى - ھەۋەسنى باشقۇرالىغان كىشى جەننەتكە ئېرىشىدۇ.

* ھاۋايى - ھەۋىسىگە ئەقلىنىڭ بىلەن قارشى چىقساڭ ھىدايەت تاپىسەن.

* ھاۋايى - ھەۋىسىگە ئىلمىڭ بىلەن، غەزىپىگە سەۋرچانلىقىڭ بىلەن قارشى تۇر.

* ھاۋايى - ھەۋىسىڭنى باشقۇرىۋال، نىجاتلىقىڭنى ئىزدە!

* ھاۋايى - ھەۋىسىگە بويسۇنغان كىشى ئەقلىگە قارشى چىققان بولىدۇ.

* ھاۋايى - ھەۋەسكە بويسۇنغان كىشى ھەقىقەت نۇرىنى كۆرەلمەيدىغانلاردۇر.

* ھاۋايى - ھەۋىسىگە ئىتائەت قىلغان كىشى ئاخىرىتىنى دۇنياسىغا تېگىشكەن بولىدۇ.

* ھاۋايى - ھەۋەسكە قارشى چىقىش ئەقىلنىڭ داۋاسىدۇر.

* ھاۋايى - ھەۋىسىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىڭدۇر، شۇنداق ئىكەن ئۇنى مەغلۇپ قىل، بولمىسا سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

* ھاۋايى - ھەۋەسكە ئىتائەت قىلىشتىن يىراق تۇر، چۈنكى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئىتائەت قىلىش ھەرقانداق بالاغا باشلايدۇ.

* ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ باشلىنىشى پىتنە - پاسات، ئاقىۋىتى بولسا ئاپەتتۇر.

# 26- باب

## تاماخورلۇق ھەققىدە

* ئىخلاسىنىڭ ئاساسى ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈشتۇر.

* كىشىلەردىن بىر نەرسە كۈتمەسلىك نەق بايلىقتۇر!

* كىشىلەردىن بىر نەرسە كۈتمەسلىك بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ خارلانغاندىن ياخشىراق.

* بەزى ۋاقىتتا تاماخورلۇق ھالاكەتكە ئېلىپ بارسا، باشقىلاردىن بىر نەرسە كۈتمەسلىك ھەقىقەتكە يەتكۈزىدۇ.

* تاما قىلمىغان كىشى ئۈنىڭدىن ئارام تاپىدۇ

* كىشىلەردىن بىر نەرسە كۈتمەسلىك كىشىلەرگە بېقىنىپ، يالۋۇرۇپ ياشاشتىن ياخشىراقتۇر.

* ئىخلاسىنىڭ باشلىنىشى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىگە كۆز سالماسلىق بىلەن بولىدۇ.

## ھوشيارلىق ھەققىدە

* ئويغاق تۇرۇش نۇر، غەپلەتتە قېلىش بولسا ئالدىنىشتۇر.

* ئويغاقلىقتىن پايدىلىنالمىغان كىشى قوغدىنىۋچىدىن پايدىلىنالمايدۇ.

* بىرىلگەن مۇددەت توشۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشنى خالايدىغان يوقمۇ؟

## ئېتىقاد ھەققىدە

* دىنىنىڭ بېشى ئېتىقادتۇر.

* ئېتىقاد بىلەن ياشا، شۈبھىلىنىشتىن يىراق تۇر، كىشىنىڭ دىنىنى ھەممىدىن بەك ئىشەنچسىزلىك ۋەيران قىلىدۇ.

* ئىمانىنىڭ قۇۋۋىتىگە كۆرە ئېتىقاد بولىدۇ.

* ئاخىرەتكە ئىشەنگەن كىشى دۇنياغا بېرىلمەيدۇ.

* ئېتىقادى كامىل كىشىنىڭ ئىبادىتى ياخشى بولىدۇ.

* يۈرىكىدە ئىشەنچ بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىشى ئۆزىگە بويسۇنمايدۇ.

* شۈبھىنى يوقىتىدىغان بىرىنچى ئامىل ئىشەنچتۇر.

* ئىشەنچنى شەك - شۈبھىگە، ھەقىقەتنى باتىلغا، كېيىنكىنى ھازىرقىغا تېگىشكەن كىشى ھالاك بولىدۇ.

* ئىشەنچىڭلارنى شەك - شۈبھىگە، ئىلمىڭلارنى نادانلىققا تېگىشمەڭلار.

* ئىشەنچكە ئۈچ نەرسە ئىسپات بولىدۇ: ئارمانىنىڭ قىسقا بولۇشى، قىلغان ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىش ۋە دۇنيادا زاھىدلىق بىلەن ياشاش.

* ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ قورالى: قازاغا سەۋر قىلىش ۋە ياخشى كۈنلەردە شۈكۈر قىلىشتىن ئىبارەت.